ە كىتەپلەرنىڭ

دەۋسلىك

# ئەدەبىيات

(6 - قىسىم)



PL
54.62
.A335
1988
v.6

نجاڭ مائارىپ نەشرىياتى



– 8 – دەرس ئۇچۇن

## نەشرىياتتىن

قولىڭىزدىكى بۇ دەرسلىك كىتابىنى ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بىنائەن نەشرىياتىمىز ئالتە يىللىق تۈزۈمدىكى باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ «تىل - ئەدەبىيات ئوقۇتۇش پروگراممىسى» دىكى ئوقۇتۇش تەلەپلىرىگە ئاساسەن تۈزۈپ چىقتى. ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ كومىتېتىنىڭ «مىللىي يېزىقتىكى دەرسلىكلەرنى تەكشۈرۈپ بېكىتىش ۋاقىتلىق گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈپ چىقىپ، «سىناق دەرسلىك» قىلىپ قوللىنىشنى بېكىتتى.

بۇ دەرسلىك كىتابىنى بىر مەۋسۇم سىناپ ئوقۇتقاندىن كېيىن، جايلاردىكى كەڭ ئوقۇتقۇچىلار دەرسلىكنىڭ مەزمۇنى، ئىلمىيلىقى، ئىدىيىۋىلىكى ۋە سىستېمىسىنىڭ شۇ يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئۇيغۇن ياكى ئۇيغۇن بولمىغانلىقى قاتارلىق جەھەتلەردىكى پىكىرلىرىنى رەتلەپ چىقىپ نەشرىياتىمىزنىڭ باش تەھرىر بۆلۈمىگە يوللاپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى

1988 - يىل ئۆكتەبر



25 - دەرس ئۈچۈن

# مۇندەرىجە


1. ۋەتەن ئۈمىدى ............................ 1
2. باغۋەن .................................. 4


## I ئاساسىي مەشق


3. ئېدىسون .................................. 10
4. ئىنىمنىڭ ئارزۇسى ......................... 14
5. ھېكمەت .................................. 18
△6. بىلىم ئامراق ئىشچانغا ..................... 25
*7. ئىككى دوست ................................ 27


## II ئاساسىي مەشق


8. باھار كەلدى .............................. 35
*9. كۆچەت تىكەيلى ............................ 39
10. ئالما كۆچىتى .............................. 41
ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى ۋە تاپشۇ-
رۇۋېلىش ھۆججىتى ............................ 44




RSCh
953400

## III ئاساسي مەشق


11. ئوپېراتسيە ئۈستىلىنىڭ ئۆزى ئىس
تىهكام ...... 51
12. خۇاڭ جىگۇاڭ ...... 56
*13. ئېرخۇزى ...... 62
△14. كىچىك قىساسچى ...... 68


## IV ئاساسي مەشق


△15. قوشقاچ ...... 78
16. تىيىن ...... 82
*17. خوراز بىلەن بۆرە ...... 86


## V ئاساسي مەشق


18. لېنىن بىلەن قاراۋۇل ...... 92
19. ھۆرمەت ...... 97
*20. ئەسسالام ...... 106
21. سىلىق سۆز ...... 108
△22. ئانا مېھرى ...... 119




## VI ئاساسي مەشق


23. نەسرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ
لەتىپىلىرى ...... 124
تەڭگە تېرىش ...... 124
پەردىجەم يېسۇن ...... 126
ئادالەت تېشى ...... 127
24. سەلەي چاقان ۋە ئۇنىڭ
لەتىپىلىرى ...... 130
قىل ...... 131
دوزاخقا كىرەمدۇ - جەننەتكىمۇ ...... 132
ئۇماچ ...... 132
كۆندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش
كېرەك ...... 135


## VII ئاساسي مەشق


25. ياز خاتىرىلىرى ...... 145
△26. ياز ...... 148
27. تەتىل پىلانى ...... 151

## VIII ئاساسىي مەشق

يېڭى سۆزلەر ........................ 162
*بەلگىسى قويۇلغانلار ئوقۇش تېكىستلىرى ........................
△ بەلگىسى قويۇلغانلار مۇستەقىل ئوقۇش تېكىستلىرى ........................



## 1. ۋەتەن ئۈمىدى

ۋەتىنىم جۇڭگو،
تۇغۇلغان ئېلىم.
سەندە ئۆستۈم مەن،
چىقتى ھەم تىلىم.
ئوماق مەكتىپىم
بەردى كۆپ بىلىم.
شۇ بىلىم بىلەن
يورىدى دىلىم.
ۋەتىنىم دەيدۇ:
«ئۆستۈڭ چىرايلىق،
بىلىم بېغىدا
ئۆرلە داۋاملىق.
تىرىشقىن، ھارما
بولۇپ چىداملىق.
ئەل ئۈچۈن بولغىن
باتۇر يارامىلىق...»

ۋەتەن ئۈمىدى
مېنىڭ قەرزىمدۇر.
شۇڭا بارلىقىم
ئاڭا تەقدىمدۇر.
ئۆگىنىش، ئۆرلەش
ئىجاد كەسپىمدۇر.
يەتسەم مەقسەتكە
ئەڭ چوڭ بەختىمدۇر.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.

2. شېئىردىن ۋەتەنىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلەردىن كۈتكەن ئۈمىدى تەسۋىرلەنگەن مىسرالارنى تېپىپ قايتا - قايتا ئوقۇڭلار ھەمدە ئۇنى ئۆز چۈشەنچەڭلەرگە ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. شېئىرنىڭ «ۋەتەن ئۈمىدى» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە يادلىۋېلىڭلار ۋە ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىمىزنى ئورۇنداش ئۈچۈن نېمە قىلىشىمىز لازىملىقىنى شېئىر مىسرالىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئېلىم، دىلىم، چىداملىق، ياراملىق، قەرز، تەقدىم، ئۆگىنىش، ئۆرلەش، ئىجاد، كەسپ، بەخت



5. تىرناق ئىچىگە مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ جۈملىنى تولۇقلاپ يېزىڭلار.

1) ئانا (          ) نى قوغداش ئۈچۈن دائىم تەييارمىز.

2) مەيىن شامالدا قىزىل (          ) لەپىلدىمەكتە.

3) بىز (          ) تە دەرس ئوقۇدۇق.

## 2. باغۋەن

كۆكەرمەس يەرۇ - زېمىن،
بولمىسا كۈننىڭ نۇرى.
ياشنىماس مەكتەپ - بېغىم،
بولمىسا باغۋەن تەرى.

قىلمىسا باغۋەن ئەجىر،
ۋاپىغا يەتمەس كۆچەت.
مېۋىگە لايىق بولۇپ
يېتىلىپ ئاچماس چېچەك.



مەكتىپىم گۈلباغ دېسەم،
شادلىنىپ سايراز تىلىم.
باغۋىنىم ئۇستاز دېسەم،
سۆيۈنۈپ يايراز دىلىم.

پەننى مەن دىلـدىن سۆيۈپ،
ئۆگىنەي ئىشقىم بىلەن.
ئەل ئۈچۈن گۈل ئۈندۈرۈپ،
ئۆستۈرەي مېھرىم بىلەن.



كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇغۇلار ھەممە يادلىۋېلىشلار.

2. شېئىرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى نۇقتىلار بويىچە ئۆز سۆزلىرىگە ئايلاندۇرۇپ ئېيتىپ بېرىشلار.

1) شېئىردا تەسۋىرلەنگەن «باغۋەن» كىم؟
2) مەكتەپ نېمىگە ئوخشىتىلغان؟
3) كۆچەت كىم؟ چېچەك ھەم مېۋىلەر نېمىنى بىلدۈرىدۇ؟

3. شېئىرنىڭ ئاخىرقى كۇپلېتىنى تىنىش بەلگىلىرىنى جايىغا قويۇپ ياد ئىملا قىلىپ چىرايلىق يېزىشلار.

### I ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئالدى بىلەن جاۋاب بېرىڭلار، ئاندىن ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ رەتلىك يېزىپ چىقىڭلار.

سىز قايسى مەكتەپنىڭ نەچچىنچى سىنىپىدا ئوقۇيسىز؟ بۇ مەۋسۇمدە قايسى دەرسلەرنى ئوقۇيسىلەر؟ سىز قايسى دەرسنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز؟ نېمە ئۈچۈن؟ مەكتىپىڭلاردا دەرستىن سىرت قانداق پائالىيەتلەر بار؟ سىز قايسى پائالىيەتكە قاتناشتىڭىز؟ قانداق نەتىجىلىرىڭىز بار؟

2. تۆۋەندىكى «دوستۇم ئوقۇ كىتابىنى» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ، مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۈنلۈك ئوقۇش ئاساسىدا يادلىۋېلىڭلار.

### دوستۇم ئوقۇ كىتابىنى

دوستۇم ئوقۇ كىتابىنى،
بىلىم تولا ئۇنىڭدا.
بولساڭ ئۆزۈڭ بىلىملىك،
قىيىن ئىش يوق ئالدىڭدا.
تىرىش، ئوقۇ ئال بىلىم،
ئۆرلە يۈكسەك نىشانغا.
ئەل ئالدىدا ئايلانسۇن
ئىش ئىزلىرىڭ داستانغا.

3. تۆۋەندىكىلەرنى رەتلەپ راۋان جۈملە قىلىپ يېزىڭلار ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇڭلار.

1) كۆردۈم كىنوخانىدا ماخمۇتنى مەن
2) مەيداندا سىنا مەردنى
3) كوچىغا بىزنىڭ ماگىزىن يېڭى سېلىندى
4) ئادىل ئالدى خەت ئاكىسىدىن



4. «مەن ئايشەم بىلەن» دېگەن سۆزگە بىرىنچى گۇرۇپپىدىن مۇۋاپىق سۆز تاللاپ، ئۇنى ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى يەنە بىر مۇۋاپىق سۆز بىلەن بىرلەشتۈرۈپ راۋان جۈملە تۈزۈڭلار.

| | بىرىنچى گۇرۇپپا | ئىككىنچى گۇرۇپپا |
|---|---|---|
| مەن ئايشەم بىلەن | مەكتەپكە بېرىپ | تاپشۇرۇق ئىشلىدىم. |
| | ماگىزىنغا بېرىپ | كىتاب ئوقۇدۇم. |
| | پوچتىخانىغا بېرىپ | تازىلىق قىلدىم. |
| | ئۆيدە ئولتۇرۇپ | قەلەم ئالدىم. |
| | قىرائەتخانىغا بېرىپ | خەت سالدىم. |

ئۈلگە: مەن ئايشەم بىلەن ئۆيدە ئولتۇرۇپ تاپشۇرۇق ئىشلىدىم.

5. تۆۋەندىكى پارچىنى ئەستايىدىل ئوقۇڭلار ۋە مەزمۇنىنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار. قوش تىرناق (« »)، سوئال (؟)، سىزىق (—) ۋە سىزىقچە (-) بەلگىلىرىنىڭ قانداق جايلاردا ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

### دۇنيادا نېمە ئۆلمەيدۇ

بىر پادىشاھ دۆلىتىدىكى ئوقۇمۇشلۇق كىشىلەرنى ئوردىسىغا يىغىپ، ئۇلاردىن

«دۇنيادا ئۆلمەيدىغان نەرسە بارمۇ؟» دەپ
سوراپتۇ.
— بار، جانابلىرى، — دەپتۇ بىر كىشى
ئورنىدىن تۇرۇپ.
— ئۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سوراپتۇ
پادىشاھ.
— بىرىنچىدىن، كۈن ئۆلمەيدۇ؛ ئىككىن-
چىدىن، ئاي ئۆلمەيدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يەر
ئۆلمەيدۇ؛ تۆتىنچىدىن، سۇ ئۆلمەيدۇ، —
دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
— توغرا، توغرا، — دەپ ماقۇللىشىپتۇ
باشقىلار.
— بۇ توغرا ئەمەس. كۈن بىلەن
ئاي كۈندە ئۆلىدۇ، يەر بىلەن سۇ يىلدا
ئۆلىدۇ، — دەپتۇ چەتتىرەك ئولتۇرغان بىر
كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ.
— قېنى، ئىسپاتلاپ بېرەلەمسەن؟ —
دەپتۇ پادىشاھ.
— ئەلۋەتتە، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى، —
ئاي بىلەن كۈننىڭ ئۆلگىنى — ئېگىشىپ
بېرىپ تاغ كەينىگە پاتقىنى؛ يەرنىڭ ئۆل-
گىنى — قار ئاستىدا ياتقىنى؛ سۇنىڭ ئۆل-



گىنى — يۈزىگە مۇز قاتقىنى.
بۇنى ئاڭلىغان پادىشاھ:
— ئۇنداقتا دۇنيادا ئۆلمەيدىغان نەرسە
يوق ئىكەندە، — دەپتۇ.
— يوقسۇ جانابلىرى، دۇنيادا ئۆلمەيدى-
غان ئىككى ئېسىل نەرسە بار: بىرى، بىلىم،
يەنە بىرى ياخشى نام. مانا مۇشۇ ئىككى
نەرسىلا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قېلىپ، مەڭگۈ
ئۆلمەيدۇ، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.
بۇنىڭغا پادىشاھمۇ، ئۇقۇمۇشلۇق كىشى-
لەرمۇ قايىل بوپتۇ.

## 3. ئېدىسون

ئېدىسون دۇنياغا داڭلىق كەشپىياتچى. ئۇ ئامېرىكىلىق بولۇپ، كىچىك ۋاقتىدا ئائىلىسىنىڭ كەمبەغەللىكى سەۋەبىدىن ئارانلا ئۈچ ئاي ئوقۇغان، 11 — 12 يېشىدىن باشلاپ گېزىت ساتقان. ئۇ ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيەتتى، دائىم پۇل ئىقتىساد قىلىپ، پەننىي كىتاب - ژۇرناللارنى ۋە خىمىيىلىك دورىلارنى سېتىۋالاتتى. ئۇنىڭ تەجرىبە سايمانلىرى ئەخلەت ئارىسىدىن تېپىۋالغان بوتۇلكا ۋە قۇتىلار ئىدى.

ئېدىسون 12 يېشىدا پويىزدا گېزىت ساتىدۇ. پويىزدا يولۇچىلار تاماكا چېكىدىغان مەخسۇس ۋاگون بار ئىدى. پويىز باشلىقى ئۇنىڭ مۇشۇ ۋاگوننىڭ بىر بۇلۇڭىدىن ئورۇن ئېلىشىغا قوشۇلىدۇ. ئۇ خىمىيىۋى دورىلىرى ۋە بوتۇلكا - قۇتىلىرىنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ، گېزىت سېتىپ



بولغاندىن كېيىن، ھەر خىل قىزىقارلىق تەجرىبىلەرنى ئىشلەيدۇ.

بىر قېتىم پويىز تېز قوزغالغانلىقتىن، قاتتىق سىلكىنىپ كېتىپ ئاق فوسفور قاچىلانغان بىر بوتۇلكا ئۆرۈلۈپ كېتىدۇ. فوسفور ھاۋاغا ئۇچۇشى بىلەن دەرھال ئوت ئېلىپ يانىدۇ، كىشىلەر يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئېدىسون بىلەن بىرلىكتە ئوتنى ئۆچۈرىدۇ. پويىز باشلىقى قاتتىق خاپا بولۇپ، ئېدىسوننىڭ تەجرىبە قىلىدىغان بارلىق نەرسىلىرىنى پويىزدىن چۆرۈۋېتىدۇ ھەمدە ئۇنى قاتتىق بىر شاپىلاق ئۇرۇپ، بىر قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدۇ.

ئېدىسون بۇنىڭ بىلەن ئىلىم - پەننى تەتقىق قىلىش ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ئۇ يېمەك - ئىچمىكىنى تېجەپ، قايتىدىن خىمىيە تەجرىبىلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىدۇ. بىر قېتىم سۇلفات كىسلاتا ئۇنىڭ چاپىنىنى كۆيدۈرۈۋېتىدۇ؛ يەنە بىر قېتىم، ئاممونىي كىسلاتا ئۇنىڭ كۆزىنى قارىغۇ قىلىپ قويغىلى تاسلا قالىدۇ. ئۇ بۇ خىل خېيىم - خەتەرلەردىن قىلچە قورقۇپ قالماستىن، قەي-

سەرلىك بىلەن خىمىيە تەجرىبىسىنى
داۋاملاشتۇردى.

ئېدىسون ئېلېكتر لامپوچكىسى ياساپ چىقىشتا، باھاسى ئەرزان، ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئۇزۇن بولغان بىر لامپوچكا قىلىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن، سانسىز قېتىم تەجرىبە ئېلىپ باردى. ئۇ دائىم بىرقانچە ئون سائەتلەپ تەجرىبىخانىدىن چىقماي ئىشلەيدۇ، بەك ھېرىپ كەتكەن چاغلىرىدا، تەجرىبە ئۈستىلى ئۈستىدە بىر دەم ئۇخلىۋېلىپ، يەنە ئىشىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇ مۇشۇنداق بوشاشماستىن تىرىشىش ئارقىسىدا، ئاخىرى مۇۋاپىق لامپوچكا قىلىنى تېپىپ چىقىپ، ئېلېكتر لامپوچكىسىنى ئىجاد قىلدى. كېيىن ئېدىسون يەنە كىنو، فاتېفون، ... قاتارلىق نەرسىلەرنى كەشىپ قىلدى. ئۇ ئەنە شۇ ئاساستا پۈتۈن ئۆمرىدە مىڭ خىلدىن ئارتۇق نەرسىنى كەشىپ قىلدى.

**ئەقلىيە سۆزلەر:**

كىچىك كەشپىيات — چوڭ كەشپىياتنىڭ باشلامچىسى.



قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە.

**كۆنۈكمە:**

1. تېكستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ئېدىسون كىچىكىدىن ئىلىم - پەننى قىزغىن سۆيەتتى، ئۇ ئىلمىي تەجرىبە ئېلىپ بېرىشتا ئىشلەتكەن دورا ۋە سايمانلىرىنى نەدىن ئالغان؟

2) پويىز باشلىقى نېمە ئۈچۈن ئېدىسوننى ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر قۇلىقىنى گاس قىلىپ قويىدى؟

3) ئېدىسون ئىلمىي تەجرىبىلەرنى قەيسەرلىك بىلەن ئىشلەپ قانداق نەتىجىلەرگە ئېرىشتى؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

تەجرىبە، ئىرادە، يولۇچى، باھا، ئەرزان، ئاخىرى

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇڭلار، مەنىسى ئۆزئارا يېقىن سۆزلەرنى گۇرۇپپىلاڭلار.

تەننەرخى، كەشپ قىلىش، باھاسى، ھېرىش، ئىجاد قىلىش، چارچاش، داڭلىق، دەرھال، مەشھۇر، تېجەش، شۇ ھامان، ئىقتىساد قىلىش

ئۈلگە: تەننەرخى — باھاسى

## 4. ئىنىمنىڭ ئارزۇسى

لەگلەك ياسىدىم تاللىدىن،
داقىراتمىسى سەر خىل.
ئىنىم بوياق ئەكەلدى،
ياسىدۇق ئۇنى ھەر خىل.
ئىنىم بىلەن لەگلەكنى
ئۇچۇردۇق تىك ئاسمانغا.





مەن دۆڭلەرگە يۈگرەيمەن،
ئىنىم چاپار ئارقامدا.
ناخشا ئېيتار لەگلىكىم،
قۇيرۇق سوقۇپ تىنماستىن.
ئىنىم يىپنى تالىشار،
بەزلىگەنگە كۆنمەستىن.
بەرسەم ئاڭا لەگلەكنى،
قويۇۋەتتى يىپىنى.
ئېيتتى ماڭا ۋىچىرلاپ،
قەلبىدىكى گېپىنى:
«قارا ئاكا، لەگلىكىم
راكېتادەك ئۇچىدۇ.
قويۇۋەتسەم يىپىنى،
بېرىپ ئاينى قۇچىدۇ.
تېخى كىچىك مەن ھازىر،
چوڭ بولسام ئىدى تېزرەك.
قانات قېقىپ ئۇچاتتىم،
لەگلەكتىنمۇ ئېگىزرەك.»
كۈلۈپ كەتتىم ئىنىمنىڭ
شېرىن تاتلىق سۆزىگە.
سۆز باشلىدىم، تىكىلىپ،
چاقناپ تۇرغان كۆزىگە:

«بارىكاللا، جان ئىنىم،
ئۈمىدىڭگە يېتىسەن.
پەرۋاز قىلىپ ئاسماندا،
خۇشاللىنىپ كېتىسەن.
كىچىكىڭدىن تىرىشقىن،
ياخشى ئوقۇ دەرسىنى.
ئىگىلىگىن مۇكەممەل،
چەكسىز ئالەم سىررىنى.
قالار سەندىن تۆۋەندە،
لەگلەك ئەمەس ئايمۇ ھەم.
چۈنكى بىلىم ئاسمىنى
ئاچار بىزگە يولنى كەڭ.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە روللارغا بۆلۈنۈپ دىكلاماتسىيە قىلىڭلار.

2. شېئىرنىڭ «قارا ئاكا، لەگلىكىم» دېگەن يېرىدىن ئاخىرىغىچە بولغان قىسمىنى يادلىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇ مىسرالارنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

سەر خىل، بەزلەش، قەلب، راكېتا، قۇچۇش،



قانات قېقىش، چاقناش، بارىكاللا، پەرۋاز قىلىش، چەكسىز، سىر

4. تۆۋەندىكى پارچىنى ئالدى بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار، ئاندىن بەلگىلىرىگە تىنىش دىققەت قىلىپ توغرا، چىرايلىق، رەتلىك كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

يەكشەنبە كۈنى ھاۋا ئوچۇق ئىدى. ئاكام بىلەن ئىككىمىز ئۆزىمىز ياسىغان كېپىنەك ۋە يىڭناغۇچ شەكىللىك لەگلەكلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ، تەنتەربىيە مەيدانىغا لەگلەك ئۇچۇرۇش مۇسابىقىسىگە قاتنىشىش ئۈچۈن باردۇق.

ئۇ يەردە لەگلەك ئۇچۇرۇش ئۈچۈن كەلگەن بالىلار قوللىرىدا ھەر خىل شەكىلدىكى رەڭگارەڭ لەگلەكلەرنى تۇتۇپ، مۇسابىقىنىڭ باشلىنىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

مۇسابىقە باشلاندى، رەڭگارەڭ لەگلەكلەر شامالغا ئەگىشىپ لەپىلدەپ ئۇچۇپ، زۇمرەتتەك كۆك ئاسماننى كۆركەم ۋە گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى. ئاكام ئىككىمىزنىڭ لەگلىكى سۈپسۈزۈك ئاسماندا بارغانسېرى يۇقىرى ئۆرلەپ، ھەممەيلەننى ھەيران قالدۇردى.

# 5. ھېكمەت

(چۆچەك)

ھۆرۈنقى زاماندا چەت بىر يېزىدا جامال ۋە كامال دېگەن ئىككى ئاكا - ئۇكا ئۆتكەنىكەن. جامال مال - دۇنيا كويىدىلا يۈرىدىكەن. كامال بولسا ئىلىم - ھېكمەتكە ھېرىسمەن، ئەدەب - ئەخلاقلىق بالا ئىكەن.

جامال 14 يېشىدا، كامال 12 يېشىدا ئاتا - ئانىسىدىن ئايرىلىپ يېتىم قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز يېزىسىدا كۈن ئالمىقى تەس بولۇپ، ئاكا - ئۇكا مەسلىھەتلىشىپ باشقا يۇرتلارغا سەپەر قىلماقچى بوپتۇ.

ئۇلار سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. يولدا كېتىۋېتىپ جامال مال - دۇنياغا ئۇچراپ باي بولۇشنى ئويلىسا، كامال بىرەر ئىلىم ئەھلىگە ئۇچراپ تەلىم ئېلىشنى ئويلاپتۇ. بىر كۈنى ئۇلار تاغ ئارىسىغا يېقىنلىشىپ بىر



ئاچا يولغا دۇچ كەپتۇ. ئوڭ تەرەپتىكى يولنىڭ بېشىدىكى تاشقا «بۇ يولغا ماڭغانلار مال - دۇنيالىق بولۇر» دېگەن خەت؛ سول تەرەپتىكى يولنىڭ بېشىدىكى تاشقا «بۇ يولغا ماڭغانلار ئىلىم - ھېكمەت ئۆگىنەر» دېگەن خەت يېزىقلىق ئىكەن. ئاكا - ئۇكا ئارىسىدا قايسى يولغا مېڭىش توغرىسىدا تالاش - تارتىش بولۇپ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ، ئاخىرى ھەرقايسىسى ئۆزى بىلگەن يولغا ماڭماقچى بوپتۇ. جامال: «ئەمدى مۇرات - مەقسىتىمگە يېتىدىغان بولدۇم، كامال نېمىدېگەن ئەخمەق!» دېگىنىچە مال - دۇنيالىق بولۇش يولىغا قەدەم بېسىپتۇ. كامال بولسا: «مال - دۇنيا تېپىلىدۇ، ئىلىم - ھېكمەت تېپىلمايدۇ» دەپ ئىلىم - ھېكمەت يولىغا مېڭىپتۇ.

كامال ماڭا - ماڭا بىر باغۇ بوستانلىق ئىمارەتكە يېتىپ، دەرۋازىدىن كىرسە، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغۇدەك. كامال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەدەب بىلەن سالام بەرگەندىن كېيىن، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئىزھار قىپتۇ. بوۋاي ئۇنىڭ ئەدەب - ئەخلاقىغا قايىل بولۇپ، باغدا ئېلىپ

قاپتۇ. كامال ناھايىتى ئىشچان ھەم تىرىش-
چان بالا ئىكەن. ئۇ ھەر كۈنى سەھەر
ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلا - ئاراملارنى پاكىز
سۈپۈرۈپ تازىلاپ، گۈللەرنى سۇغىرىپ
بولغاندىن كېيىن بوۋايدىن بىلىم ئالىدىكەن،
بوۋاي دەستە - دەستە كىتابلار تىزىلغان
ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى كامالغا بېرىپ، ئۇنى
ئۆگىنىشكە ئىلھاملاندۇرۇپتۇ. كامال بۇ
يەردە يەتتە يىل تۇرۇپ، ئىلمىي تىبابەتتە
كامالەتكە يېتىپتۇ ۋە ئۇستازىدىن نۇرغۇن
دورا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ ئۇرۇقلىرىنى ئېلىپ،
ئۆز يېزىسىغا قايتىپ كېلىپ، كېسەللەرنى
داۋالاپ كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ.
ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا كامالنىڭ داڭقى يۇرت-
يۇرتقا تاراپتۇ. نۇرغۇنلىغان ساقايماس
كېسەللەر ئۇنىڭ قولىدا شىپا تېپىپتۇ.
كامال كېسەللەرنى داۋالىغاندا، داۋالان-
غۇچىلار ئاز پۇل بەرسىمۇ قانائەت قىپتۇ.
شۇنداق بولسىمۇ نەچچە يىل ئۆتمەيلا باي
بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ ھەر دائىم ئاكىسى جا-
مالنى سېغىنىدىكەن.
ئەمدى گەپنى جامالدىن ئاڭلايلى، ئۇ



مال - دۇنيالىق بولۇش يولىغا مېڭىپ، بىر
كونا شەھەر خارابىسىگە ئۇچراپتۇ، ئۇ يەر-
دىن بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋېلىپ، ناھا-
يىتى خۇشال بوپتۇ. كۆڭلىدە: «بۇنى ئېلىپ
يېزامغا قايتسام، ئىنىم كامال شىرىك بولۇ-
ۋالمىسۇن» دەپ ئويلاپ باشقا بىر شەھەرگە
بېرىپ ماكانلىشىپتۇ.
جامال شۇنىڭدىن كېيىن يەپ - ئىچىپ،
ئويۇن - تاماشا بىلەن كۈنىنى ئۆتكۈزۈپلا
قالماي، يەنە قىمارغا ئۆگىنىۋاپتۇ. قولىدا
بار چاغدا ئۇ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇت-
ماپتۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مال - دۇن-
ياسى خەجلىنىپ تۈگەپ، كۈن ئالمىقىمۇ
تەس بوپتۇ. جامال تەر چىققىچە ئەمگەك
قىلىپ كۆرمىگەچكە، ئەمگەككىمۇ خۇشياقماي-
دىكەن. شۇڭا تىلەمچىلىك بىلەن قورسىقىنى
بېقىشقا باشلاپتۇ.
جامال ياز كۈنلىرى تام كۆلەڭگۈسىدە،
قىش كۈنلىرى ئاشپۇزۇللارنىڭ كۇلۇڭلىرىدا
يېتىپ، ئاچ - توق ھايات كەچۈرگەچكە،
ئۇنى ئوڭايلا قېرىلىق بېسىپتۇ، چاچ - سا-
قاللىرى ئاقىرىپ، بوۋاي ھالىتىگە كېلىپ

قالغان كۈنلەردە ئۇنىڭغا بىر ئاقما جاراھەت چىقىپ، جېنىنى ئازابلاشقا باشلاپتۇ.

تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەن جامالغا بىر كۈنى بىر مويسىپىت كىشى ئۇچراپ:

— ھەي ئاجىز بەندە، كۈن پېتىش تەرەپتىكى يېزىغا بارساڭ، شۇنداق ئۇستا بىر تېۋىپ باركى، جاراھىتىڭنى خالىس ساقايتىپ قويىدۇ، — دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇ دەل جامالنىڭ ئانا يۇرتى ئىكەن. ئۇ ھەرقانچە قىينالسىمۇ چىداپ، ئاخىرى ئۆز يېزىسىغا بېرىپتۇ. جامال قارىغۇدەك بولسا، كونا ئۆيىنىڭ ئورنىدا بالىخانىلىق ئىمارەت، گۈزەل باغلار بىنا قىلىنغان. كۆڭلىدە: «ئىنىم كامال قايتىپ كەلگەنمىكىن» دېگەننى ئويلاپ، مەشھۇر تېۋىپنىڭ ئالدىغا كىرىپتۇ. قارىسا ئۇ تېۋىپ باشقا بىرى ئەمەس، دەل ئۆزىنىڭ ئىنىسى كامال ئىكەن. جامال ئۆزىنى ئاشكارىلاشتىن خىجالەت بولۇپ، كېلىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتقانىكەن، كامال ناھايىتى سەممىيلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاقما جاراھىتىنى يۇيۇپ، تازىلاپ دورا چاپلاپتۇ، دورا ئىچكۈزۈپتۇ. جامالنىڭ جاراھىتى ئۇزۇنغا بار-



ماي ساقىيىپتۇ.

كامال ئاكىسى جامالنى ئاللىقاچان تونۇغانىكەن. ئۇ ساقايغاندىن كېيىن يۇيۇندۇرۇپ، ياخشى كىيىملەرنى كىيگۈزۈپ تاماققا تەكلىپ قىپتۇ ۋە تاماقتىن كېيىن كامال:

— ئاكا، قانداق قىلىپ بۇ كۈنلەرگە قالدىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

جامال ئىنىسىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ قالغانلىقىدىن خىجالەت بولغان بولسىمۇ، بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى سۆزلەپ بېرىشكە مەجبۇر بوپتۇ. كامال ئاكىسىغا تەسەللى بېرىپ:

— ئاكا، مېھنەتسىز تېپىلغان مال-دۇنيا ئوچاقنىڭ كۈلىگە ئوخشايدۇ، ئىلىم-ھېكمەت بولسا ئېقىپ تۈگىمەيدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ. مال-دۇنيانىڭ كەينىگە كىرىپ شۇنچە قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپسىز. ھېلىھەم ئۆيۈمدە تۇرۇپ ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىنىڭ، مەن سىزگە قارايمەن، — دەپتۇ.

جامال شۇنىڭدىن كېيىن ئىلىمدىن ھېكمەت كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۇكىسى كامالدىن ئىلىم-ھېكمەت ئۆگىنىشكە باشلاپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. چۆچەكنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئاساسەن ئۇنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

1) جامال بىلەن كامال نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلدى؟

2) ئۇلار ئاچا يولغا كەلگەندە نېمە ئۈچۈن ئىككىسى ئىككى يولغا ماڭدى؟

3) كامال قانداق قىلىپ ئەل - يۇرتقا تونۇلغان داڭلىق تېۋىپ بولۇپ يېتىشىپ چىقتى؟

4) جامال نېمە ئۈچۈن ئۆز يۇرتىغا ئاچ - يالىڭاچ قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر بولدى؟

5) جامال ئاخىرى قايسى يولغا ماڭدى؟

2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار ھەمدە ئۇنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

مېھنەتسىز تېپىلغان مال - دۇنيا ئوچاقنىڭ كۆلىگە ئوخشايدۇ، ئىلىم - ھېكمەت بولسا، ئېقىپ تۈگىمەيدىغان بۇلاققا ئوخشايدۇ. ئىلىمدىن ھېكمەت كېلىدۇ.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا نېمە ئۈچۈن سىزىقچە قويۇلغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئىلىم - ھېكمەت، مال - دۇنيا، ئەدەب - ئەخلاق،
ئاكا - ئۇكا، تالاش - تارتىش، مۇراد - مەقسەت،
ماڭا - ماڭا، يەپ - ئىچىپ، دەستە - دەستە،
ئويۇن - تاماشا، ئاچ - توق



## △6. بىلىم ئامراق ئىشچانغا

بىلىم ئامراق ئىشچانغا،
چارچىماس تىرىشچانغا.
يېتەكلەيدۇ ئۇ بىزنى،
بەختكە، شەرەپ - شانغا.
سىر - ھېكمەت قۇلۇپ گويا،
ئاچقۇچتۇر بىلىم بىلسەڭ.
قالىسەن پۇشايماندا،
ياشلىقتا بىكار يۈرسەڭ.
جاپانىڭ تېگى ئالتۇن،
ئەجىرسىز مېۋە بولماس.
بىلىمسىز نادانلارنىڭ،
كۆڭلى قىش، باھار بولماس.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇنى ئۆز سۆزۈڭلارغا ئايلاندۇرۇپ قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

2. بۇ شېئىردىكى «قالسەن پۇشايماندا، ياشلىقتا بىكار يۈرسەڭ»، «جاپانىڭ تېگى ئالتۇن، ئەجىرسىز مېۋە بولماس» دېگەن مىسرالارنى ئۆگىنىپ ئۆتكەن «ھېكمەت» دېگەن تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇش ئاساسىدا يادلىۋېلىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

شەرەپ - شان، سىر - ھېكمەت، پۇشايمان، ئەجىر، نادان، مېۋە



## *7. ئىككى دوست

بىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغان پىئونېرلاردىن ئەركىن بىلەن غەيرەت ئىككىسى ناھايىتى يېقىن دوستلاردىن ئىدى. ئۇلار مەكتەپكە بىللە بېرىپ بىللە قايتاتتى، بىرلىكتە ئويناپ، بىرلىكتە دەرس تەييارلايتتى. ئىمتىھان ئالدىدا ئوقۇغۇچىلار ئادىتى بويىچە ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاشقا كىرىشىپ كەتتى. لېكىن يالغۇز غەيرەت بۇ ئىشقا كۆڭۈل بۆلمەي، ئويناپ يۈرۈۋەردى. ئۇ ئەركىنگە «ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئويناپ كېلەيلى» دېۋىدى، ئەركىن ئالدىراش دەرس تەكرارلاۋاتقانلىقىنى، «دەرس تەكرارلاپ بولغاندىن كېيىن ئوينايلى، سەنمۇ ئاۋۋال دەرسلەرنى تەكرارلىۋالغىن» دېدى. بىراق غەيرەت ئۇنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماي، «نېمە قىلىشىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، سېنىڭ بۇيرۇق بېرىشىڭنىڭ ھاجىتى يوق» دەپ خاپا بولغان پېتى

ئەركىننىڭ قېشىدىن چىقىپ كەتتى. دەرسمۇ تەكرارلىنمىدى.

بىر كۈنى، ئەدەبىيات مۇئەللىمى سىنىپقا كىرىپ: «ئۆتۈلگەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بولدۇڭلارمۇ؟» دەپ سورىغانىدى ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆتۈردى. شۇ قاتاردا غەيرەتمۇ قولىنى كۆتۈردى. لېكىن دەرسىنى تەكرار قىلمىغانلىقى ئۈچۈن بىردەمدىلا قولىنى چۈشۈرۈۋالدى. مۇئەللىم بۇنى كۆرۈپ: «سەن دەرسلەرنى تەكرارلاپ بولدۇڭمۇ؟» دەپ سورىدى. شۇ چاغدا ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ «ئۇ ھېچنېمە تەكرارلىمىدى» دېدى. بۇنى ئاڭلاپ غەيرەتنىڭ يۈزى قىپقىزىل قىزىرىپ كەتتى، ناھايىتى ئىزا تارتىپ كەتكەنلىكتىن، بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى.

چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە قايتتى. غەيرەت ھېلىقى ئىش ئۈچۈن ئەركىنگە قېيداپ گەپمۇ قىلماستىن ئۆزى يالغۇز ئۆيىگە كەتتى. ئەركىن ئۆيىگە بارغۇچە يولدا كېتىۋېتىپ: «غەيرەت ئەمدى مېنى ھەرگىز ئىزدىمەيدۇ. ئەمدى ئارىمىز يىراقلىشىپ قالارمىكىن، ياق، مەن ئۇنىڭغا دوست-



لۇق پىكرىمنى بېرىشىم كېرەك» دەپ ئويلىدى. ئەتىسى كەچقۇرۇن ئەركىن ئۆيدە دەرس تەكرارلاۋاتاتتى، ئۇشتۇمتۇت ئىشىكنىڭ چېكىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەركىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئىشىكنى ئېچىپلا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالدى. قارىسا دوستى غەيرەت ئۇنى ئىزدەپ كەلگەنىكەن. غەيرەت مۇلايىملىق بىلەن قولىنى ئۇزارتتى، ئىككىسى قول سىقىشىپ كۆرۈشۈپ كەتتى. «بىز بىرلىكتە دەرس تەكرار قىلايلىچۇ» دېدى غەيرەت. ئەركىن ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇلار بىرلىكتە دەرس تەكرارلاشقا كىرىشتى.

ئەركىن بىلەن غەيرەتنىڭ دوستلۇقى يەنە ئاۋۋالقى ھالغا كەلدى. كۆپ ئۆتمەستىن ئىمتىھان باشلاندى. غەيرەت بۇ قېتىم ئىمتىھاندىن ياخشى ئۆتتى.

ئەركىن بىلەن غەيرەت مەكتەپتىن بىرلىكتە قايتتى. غەيرەتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئۇ ئەركىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ «رەھمەت ساڭا» دېدى.

ئەركىن ھەيران بولۇپ: «نېمە ئۈچۈن؟» دەپ سورىغانىدى، غەيرەت «بارلىق ئىش

ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بەردى.

ئەركىن كۈلۈۋەتتى - دە، غەيرەتنىڭ قولىنى قاتتىق سىقتى. بۇ كۈلۈش ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق، ئىناقلىقنى تېخىمۇ مۇستەھكەملىگەندەك بولدى.

ماقالار:

دوستتىن يامانلىغان ئەقىلنىڭ يوقلۇقى،
تاماقتىن يامانلىغان قورساقنىڭ توقلۇقى.
دوست يىغلىتىپ ئېيتار،
دۈشمەن كۈلدۈرۈپ (ئېيتار).

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

2. غەيرەت ئەركىندىن نېمە ئۈچۈن رەنجىدى؟ ئۇنىڭ رەنجىشى توغرىمۇ؟ ئاخىرى قانداق بولدى؟

3. تېكىستنى تەرتىپى بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

4. كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى قويۇپ، تۆۋەندە بېرىلگەنلەرنى راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇڭلار ھەمدە كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.



ئەركىن بىلەن غەيرەت ناھايىتى... ئىدى. ئۇلار بىرلىكتە ...، بىرلىكتە ... تەكرارلايتتى.

غەيرەت بۇ قېتىمقى ئىمتىھاندىن ... ئۆتتى.

غەيرەت ئەركىننىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ ... دېدى.

II ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن پارچىنى ئوقۇغاچ پىكىر يۈرگۈزۈڭلار. شاكىرنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئەقىللىق بالا»، زاكىرنىڭ نېمە ئۈچۈن «ئويۇن قېپى» دېگەن ناملارنى ئالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

زاكىر بىلەن شاكىر

بىر مەھەللىدە زاكىر ۋە شاكىر ئىسىملىك ئىككى دوست بولغانىكەن. ئۇلار كىچىكىدىن بىللە ئويناپ چوڭ بولۇپ، ئوقۇش يېشىغا يەتكەندە تەڭلا مەكتەپكە كىرىپتۇ.

شاكىر ئىرادىلىك، تىرىشچان، زېرەك بالا بولغاچقا، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئۆگىنىپ، كۈندىن - كۈنگە ئەقىل - پاراسەتكە تو-

لۇشقا باشلاپتۇ. زاكىر ئويۇن قىپى، سىنىپقا
كىرسە بېشى ئاغرىيدىغان، سىرتقا چىقسا
قوشقاچ مارايدىغان بالا ئىكەن. شۇڭا
ياخشى ئوقۇيالماپتۇ.

ئارىدىن بىرنەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. شاكىر
مەكتەپتە «ئەقىللىق بالا» دېگەن نامنى
ئاپتۇ. زاكىر بولسا كۈندىن-كۈنگە ئارقىدا
قېلىپ «ئويۇن قىپى» دېگەن نامغا قاپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە زاكىر شاكىردىن:

— ئاداش، ئىككىمىز مەكتەپكە تەڭ
كىردۇق، بىر سىنىپتا ئوقۇۋاتىمىز، ھەيران
مەن، سېنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىڭ مېنىڭكى-
دىن كۆپ ياخشى، بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ —
دەپ سوراپتۇ.

— تىرىشىپ ئۆگىنىشنى سەندىن ئۆگەن-
دىم، ئاداش، بۇنىڭدىن باشقا سەۋەب يوق، —
دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شاكىر.

شاكىرنىڭ بۇ جاۋابى زاكىرنى رەن-
جىتىپتۇ. ئۇ: «شاكىر شۇنچە يېقىن دوستۇم
تۇرۇقلۇق، مېنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ» دەپ
ئويلاپتۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ شاكىرغا گەپ
قىلمايدىغان بولۇۋاپتۇ.



بۇ ئىككىيلەننىڭ ئارىسىدا بولغان
گەپ-سۆزدىن خەۋەر تاپقان ئۇستازى
ئۇلارنى چاقىرىپ شاكىردىن:

— زاكىرغا بەرگەن جاۋابىڭنىڭ مەنى-
سى نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سىلى بىزگە، — دەپتۇ شاكىر
ئۇستازىغا قاراپ، — «ئەقىللىق بولاي
دېسەڭ، ئەقىللىقتىن ئۆگەن» دەپ تەلىم
بەرگەن ئىدىلە. مەن شۇ تەلىملىرىنى
ئېسىمدە چىڭ تۇتۇپ، زاكىرنىڭ ئويۇنغا
بېرىلىپ، ئۆگىنىشكە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان
ئەقىلسىزلىكىدىن ئىبرەت ئالدىم، — دەپتۇ.

زاكىر شاكىرنىڭ سۆزىنىڭ مەنىسىگە
چۈشىنىپتۇ ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ تىرىشىپ
ئۆگىنىشكە بەل باغلاپتۇ.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى توغرا تەلەپپۇز قىلىشنى
ئۆگىنىۋېلىڭلار.

ئېدىسون، كەشپىيات، ئىقتىساد، خىمىيىلىك دورا،
پويىز، فوسفور، كىسلاتا، لامپوچكا، فاتىفون، ھېكمەت،
تىبابەت، ساما، پەرۋاز، ھەۋەس، مەپتۇن، پەخىرلىنىش

3. بېرىلگەن جۈملىلەردىكى بوش ئورۇنلارنى
تولدۇرۇڭلار.

1) كامال ھەر كۈنى (        ) ھويلا-

ئارامىلارنى (      ) سوپۇرۇپ تازىلاپ، (      ) سۇغىرىدىكەن.

2) جامال ھەر كۈنى (      )، ئويۇن - تاماشا بىلەن (      ) قالماي، بىرەر (      ) پىشىنى تۇتماپتۇ.

3) مىھنەتسىز تېپىلغان مال - دۇنيا (      ) ئوخشايدۇ. ئىلىم - ھېكمەت بولسا (      ) ئوخشايدۇ.

4. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملىلەرنى تۈزۈڭلار. (بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ بىرنەچچىسىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر جۈملە تۈزسەڭلارمۇ، ھەربىر سۆزگە بىردىن جۈملە تۈزسەڭلارمۇ بولىدۇ.)

باغۋەن      پەرۋىش      غۇنچە
ۋەتەن      تىرىشىپ ئوقۇش      ئىزباسار
پىئونېر      ۋەتەن، خەلق      دائىم تەييار

ئۈلگە: پىئونېر — پىئونېرلار ھەممە ئىشتا باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشىمىز لازىم. پىئونېرلار ۋەتەن، خەلق ئىشلىرىغا دائىم تەييار تۇرايلى.



# 8. باھار كەلدى

باھار يېتىپ كەلدى. قۇياش ئىللىق نۇرىنى يەر يۈزىگە سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا. قىشچە ئۇيقۇدا ياتقان جانلىقلار گويا ئەمدىلا ئويغانغان بوۋاققا ئوخشاش قىشلىق ئۇيقۇسىدىن كۆزىنى ئېچىپ، ھەرىكەتلىنىشكە باشلىدى.

باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا يېشىل مەخمەلدەك باھار چىملىرى ئاستا - ئاستا كۆرۈنۈشكە باشلىدى. باغلاردا رەڭگارەڭ باھار چېچەكلىرى ئاجايىپ گۈزەل بولۇپ ئېچىلماقتا. چېچەكلەرنىڭ خۇش بۇي پۇراقلىرى گۈپۈلدەپ دىماغقا ئۇرۇلماقتا.

باھارنىڭ ئىللىق شامىلى كىشىگە ھوزۇر بېغىشلايتتى، ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدىكى مەجنۇنتاللارنى لەرزان ئىغاڭلىتاتتى. قوللىرىدا ھەرخىل چىرايلىق

لەگلەكلەرنى كۆتۈرۈۋالغان باللار گويا بەسلىشىۋاتقاندەك كەينى - كەينىدىن ئۆي-لىرىدىن چىقىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۈلكە يېغىپ تۇرغان يۈزىدىمۇ باھار ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ۋاھ! غۇر - غۇر سوقۇپ تۇرغان باھار شامىلىدا لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئويناش نېمىدېگەن كۆڭۈللۈك - ھە!

باھاردىن شەپە بېرىپ، قاتار - قاتار سەپ تۈزگەن تۇرنىلار قوشۇنى جەنۇبتىن ئۇچۇپ كېلىشكە باشلىدى. قارلىغاچلار پېشايۋانلارغا، تورۇسلارغا ئۇۋا سېلىشىپ، خاتىرجەم بولۇشقاندىن كېيىن، خۇشال قانات قېقىشىپ ئۇچۇشماقتا.

باھار ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، بىپا-يان كەڭ ئېتىز كۆكسىدە تراكتورلار گۈركىرەشكە باشلىدى. دېھقانلارنىڭ باھار ناخشىلىرى ئاسمانپەلەك ياڭراپ، ئېتىزنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. ھەقىقىي كۆڭۈل-لۈك جەڭگىۋار ھايات ئەمدى باشلاندى. قىزغىن ئەمگەك قاينىمى گۈزەل باھار پەس-لىنى تېخىمۇ كۆركەم - گۈزەل تۈسكە كىرگۈزدى.



كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىدا قانداق ئۆزگىرىشلەر بولىدۇ؟ تېكىستتىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ھەمدە ئۇ سۆزلەردىن خالىغان ئۈچىنى تاللىۋېلىپ، ھەر بىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

سېخى، ھۇزۇر، لەرزان، ئەكس ئېتىش، شەپە بېرىش، ھۆسنى، بىپايان، تۈس، كۆركەم

4. تۆۋەندىكى شېئىرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار. باھار مەنزىرىسىنىڭ قانداق تەسۋىرلەنگەنلىكىگە دىق-قەت قىلىڭلار.

## باھار قوشىقى

ئېرىدى قىش قار - مۇزى،
ئاقتى ئەگىز شارقىراپ.
خەۋەر بەردى باھاردىن،
پاقىلارمۇ كۇركىراپ.

دالىلارنى بىزىدى،
مايسا، كۆكتات بىخ يېرىپ.
مەجنۇن تاللار ياساندى،
يېشىل كىمخاب يېپىنىپ.
خۇددى ئاپئاق بولۇتتەك
چېچەكلىدى ئۆرۈكلەر.
يەڭگىل، پاكىز كىيىندى،
خۇش خۇي ئۆسمۈر - گۆدەكلەر.
يۇرتىمىزنىڭ باھارى
قىلدى دىلنى مەھلىيا.
پورەكلىدى - ئېچىلدى،
ھەممە ياقتا گۈل - گىياھ.

5. بۇ دەرسلىكنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلىك رەسىمنىڭ ھېرىنچىسىنى ئەپسىلىي كۆزىتىڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) بۇ قايسى چاغ؟ قانداق بىلدىڭلار؟
2) ئوقۇغۇچىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟



# *9. كۆچەت تىكەيلى

كېلىڭ دوستلار، بىرلىكتە
كۆچەت تىكەيلى.
مەكتەپ ئىچى - سىرتىغا
نەقىش چېكەيلى.
گۈلگە ئوراش ۋەتەننى
بىز ئۈچۈن شەرەپ.
ئەجرىمىزدىن باغ - ۋاران
بولسۇن ھەر تەرەپ.



بىز تىككەن ياش كۆچەتلەر
ئۆسىدۇ تىمەن.
قاقاس چۆلمۇ بوپ كەتسۇن
رەڭدار گۈل - چىمەن.
باغۇبوستان ئىچىدە
يايرىسۇن كۆكۈل.
قانات قېقىپ گۈلشەندە
سايرىسۇن بۇلبۇل.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

2. بۇ شېئىردا ئوقۇغۇچىلار نېمىگە دەۋەت قىلىنغان؟ شېئىردىن ئالغان چۈشەنچەڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.

3. كۆچەت تىكىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟ سىلەر ئۆز مەكتىپىڭلارنى كۆكەرتىش ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلدىڭلار؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

نەقىش چېكىش، باغ - ۋاران، تىمەن، گۈل - چىمەن، باغۇبوستان، گۈلشەن

5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.



## 10. ئالما كۆچىتى

باھار چېغى نۇر بوۋاي
كەتمەن ئېلىپ قولىغا،
كۆچىتىنى ئالمىنىڭ
تىكتى ئېرىق بويىغا.

قاياقتىندۇر يۈگۈرۈپ
يېتىپ كەلدى نەۋرىسى.
نەزەر سالدى ئالمىغا،
كېلىپ زوقى - ھەۋىسى.

بىردىن گۆدەك قەلبىنى
قىزىق خىيال ئورىدى.
بوۋىسىدىن ئەركىلەپ
مۇنداق سوئال سورىدى:

«كۆپ چاغ ئۆتەر بۇ كۆچەت،
گۈللەپ مېۋە بەرگۈچە.
بولارسىزمۇ ئالەمدە،
ئاكا ئېغىز تەككۈچە»؟

بوۋاي بىر پەس كۆلكىدىن
تۇتالمىدى ئۆزىنى.
چۈشەندۈرۈپ گۆدەككە،
ئېيتتى يۈرەك سۆزىنى:
«ئەلنى ئۇنتۇپ، ئۆزىنى
ئويلىغان چىن ئەر ئەمەس.
قويغان مۇشۇ كۆچىتىم
ئەلگە سايە بولسا بەس!
مېنى ئەسلەر، يېگەندە،
ئەجرىم سىڭگەن يېمىشتىن.
ئۇيات ئىش يوق ئادەمگە
ئىز قالدۇرماي ئۆلۈشتىن...»
بۇ سۆز گۆدەك قەلبىگە
شېرىن ئارزۇ ئوت سالدى.
پىشقان قىزىل ئالمىلار
كۆز ئالدىدا جانلاندى.
كەتمەن ئېلىپ قولىغا،
بوۋىسىغا قاراشتى.
قاتار - قاتار كۆچەتلەر
مەلىگە زەپ ياراشتى.
ياش يۈرەكتە ھاياتنىڭ
ئىشقى ياندى چوغ بولۇپ.
مېھنەت بىلەن باغ ياسار،
ئۇمۇ ئۆسۈپ چوڭ بولۇپ.



كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) نۇر بوۋاي ئېرىق بويىدا نېمە قىلىۋاتاتتى؟ نەۋرىسى كېلىپ ئۇنىڭغا نېمە دېدى؟

2) بوۋاي نەۋرىسىگە نېمە دەپ جاۋاب بەردى؟

3) «ئۇيات ئىش يوق ئادەمگە، ئىز قالدۇرماي ئۆلۈشتىن» دېگەن مىسرالاردىن نېمىنى چۈشەندىڭلار؟

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

نەزەر سېلىش، زوقلىنىش، ھەۋەس قىلىش، ئەل، ئەجىر قىلىش، ئىز قالدۇرۇش، ئارزۇ

3. شېئىردا بايان قىلىنغان ۋەقەلىكنى تەرتىپلىك ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار ۋە سۆزلىگىنىڭلار ئاساسىدا يېزىپ چىقىڭلار.

## ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى ۋە تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى

بەزى چاغلاردا بىرەر نەرسىنى بىرەر ئورۇن ياكى بىرەر شەخستىن ئارىيەت ئالغاندا ياكى بىرەر نەرسىنى بىرەر ئورۇن ياكى شەخستىن تاپشۇرۇۋالغاندا، شۇ ئورۇن ياكى شەخسكە ھۆججەت يېزىپ بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. بىرەر نەرسىنى ئارىيەت ئالغاندا بېرىلىدىغان ھۆججەت ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى، بىرەر نەرسىنى تاپشۇرۇۋالغاندا بېرىلىدىغان ھۆججەت تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى دېيىلىدۇ.

ئىككى خىل ھۆججەتنىڭ يېزىلىشى ئاساسەن ئوخشاش. قايسى خىل ھۆججەتنى يازماقچى بولسا، ئالدى بىلەن قەغەزنىڭ باش تەرىپىگە «ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى» ياكى «تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى» دېگەن سۆزلەر يېزىلىدۇ. ئىككىنچى قەدەمدە



باش قۇردىن باشلاپ كىمدىن (ياكى قايسى ئورۇندىن) نېمىنى ئارىيەت ئالغانلىقى، ياكى تاپشۇرۇۋالغانلىقى يېزىلىدۇ. ئاخىرىدا، ئەگەر ھۆججەت شەخسلەر نامىدىكى ھۆججەت بولسا، ھۆججەت يازغۇچى شەخس ئىسىم - فامىلىسىنى يازىدۇ. ئەگەر كوللېكتىپ ئورۇن نامىدىكى ھۆججەت بولسا، ھۆججەت بەرگۈچى ئورۇننىڭ نامى يېزىلىپ، تامغىسى بېسىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھۆججەت يېزىلغان ۋاقىت (يىل، ئاي، كۈن) يېزىلىدۇ.

ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتىگە ئارىيەت ئېلىنغان نەرسىنىڭ قايتۇرۇلىدىغان ۋاقتى ئېنىق يېزىلىدۇ.

تۆۋەندە بۇ ئىككى خىل ھۆججەتكە ئۈلگە كۆرسىتىمىز:

### ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى

مەكتەپ قىرائەتخانىسىدىن «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلىنىڭ 89 - يىل 3 - سانىنى ئارىيەت ئالدىم. بىر ھەپتىدىن

كېيىن قايتۇرىمەن.

3 - يىللىق 1 - سىنىپتىن

پەرھات قاسىم

1989 - يىل 3 - ئاينىڭ 20 - كۈنى

## تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى

شىنخۇا كىتابخانىسى ئەكىلىپ بەرگەن 6 - قىسىم ئەدەبىيات دەرسلىكىدىن 50 دانە، ماتېماتىكا دەرسلىكىدىن 50 دانە ۋە سەككىز دانە خەرىتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق.

20 - باشلانغۇچ مەكتەپ (تامغا)

1989 - يىل 2 - ئاينىڭ 10 - كۈنى

كۆنۈكمە:

1. ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتى دېگەن نېمە؟ تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتى دېگەنچۇ؟

2. بۇ ئىككى خىل ھۆججەت قانداق يېزىلىدۇ؟

3. بېرىلگەن ئۈلگىلەردىن پايدىلىنىپ، ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتىدىن بىر پارچە، تاپشۇرۇۋېلىش ھۆججىتىدىن بىر پارچە يېزىڭلار.



## III ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى پارچىنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار. پارچىدىكى تەسۋىرلەرگە ۋە ئۆزۈڭلارنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى كۆزىتىشىڭلارغا ئاساسەن، ئۇنىڭدا قايسى خىل قۇشلار ۋە ھايۋانلارنىڭ بارلىقىنى پەرق ئېتىپ، رەتى بويىچە بىرمۇبىر يېزىپ چىقىڭلار.

باھار يېتىپ كېلىشى بىلەن دەرەختىكى قۇشلار، ئوتلاقتىكى ھايۋانلار ۋە ئۆي قۇشلىرى بىر يەرگە جەم بولۇشۇپ، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ھەققىدە قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپتۇ. ئۇلارنىڭ گەپلىرى مۇنداق ئىكەن: بىرىنچىسى، «كاككۇك، كاككۇك!» دەپتۇ؛ ئىككىنچىسى، ئۇرۇق تاللاش لازىملىقى ھەققىدە توختىلىپ، «گۇ - گۇ - گۇك!!» دەپتۇ؛ ئۈچىنچىسى، ئوغۇت مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ، «ۋىچىر - ۋىچىر - ۋىچىر» دەپتۇ؛ تۆتىنچىسىنىڭ قارىشىچە، بۇ ئوغۇت ياخشى ئەمەسكەن، شۇڭا ئۇ: «شاراق - شاراق - شاراق!» دەپتۇ؛ بەشىنچىسى، ئۇنى قۇۋۋەتلەپ، «ھا... ئىئا... ئىئا!! ...» دەپتۇ؛ ئالتىنچىسى، مەن ئەمگەك كۈچىنى

تەشكىللەي دىمەكچى بولۇپ، «قا - قا - قاق قاقاق!» دەپتۇ؛ يەتتىنچىسى، ئالدىراپ - تېنەپ، «قىقى - قىقى - قىق!» دەپ قوشۇلۇپتۇ؛ سەككىزىنچىسى، تېز قاتنىشىدىغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن «غاق - غاق - غاق» دەپتۇ؛ ئەڭ ئاخىرىدا يەنە بىرى ئۆزىنىڭ ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا قاتنىشالماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ ۋارقىراپ - جارقىراپ «مۆ!... مۆ!... مۆ!...» دەپتۇ.

قىنى ساۋاقداشلار، سىز ئۇلارنىڭ قانداق قۇش ۋە قانداق ھايۋان ئىكەنلىكىنى پەرق قىلالامسىز؟

2. ئۆزۈڭلار قاتناشقان بىر قېتىملىق كۆچەت تىكىش پائالىيىتى ياكى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا بىرلەشتۈرۈپ بىر پارچە يېزىڭلار. ئۇنىڭدا ئورۇن، ۋاقىت، كىشىلەرنىڭ بارلىقى، نېمىلەرنى قىلغانلىقىڭلار نۇقتىلىق تۈردە يېزىلسۇن.

3. بېرىلگەن ئۆلگىگە ئاساسەن، ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە مەنىسى يېقىن بولغان سۆزلەرنى تېپىپ يېزىڭلار.

| | |
|---|---|
| ئىللىق — | كۆركەم — |
| ھوزۇر — | ئوتلاق — |
| خۇشال بولۇش — | يېقىملىق — |

ئۆلگە: مۇلايىم — سىلىق



4. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆز تېپىپ جۈملىلەرنى تولۇقلاڭلار، ئاندىن ئوقۇپ بېرىڭلار.

1) مەن دائىم ئۆزۈمنىڭ ___ ئۆزۈم يۇيىمەن.

2) ھەدەم ئىككىمىز ___ پائالىيىتىگە قاتناشتۇق.

3) بىز مەكتەپكە ___، ___، ___ گۈللەرنى تېرىدۇق.

5. تۆۋەندىكى پارچىنى ئالدى بىلەن ئوقۇڭلار، ئاندىن سوئاللارغا جاۋاب يېزىڭلار.

1) ئەتىيازنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟
2) قايسى ئايلارنى ئەتىياز ئايلىرى دەيمىز؟

## ئەتىياز

ئەتىياز — يازنىڭ بېشى. مارت، ئاپرېل، ماي ئايلىرى ئەتىياز ئايلىرى دەپ ئاتىلىدۇ. مارتتىن باشلاپ ھاۋا ئىسسىشقا باشلايدۇ.

قار ئېرىپ ئېتىز - ئېرىقلار سۇغا تولىدۇ. قىش بويى مۇز توڭلاپ كەتكەن دەريا - كۆللەرنىڭ مۇزلىرى ئېرىشكە باشلايدۇ. ئىسسىق ياقلارغا ئۇچۇپ كەتكەن قۇشلار قايتىپ كېلىپ، ئۇۋا سېلىشقا باشلايدۇ.

ئەتىيازلىق تېرىلغۇ باشلىنىدۇ. ئېتىز-
لاردا، باغلاردا قىزغىن ئەمگەك باشلىنىدۇ.
ماللار يايلاقلارغا كۆچۈرۈلىدۇ، تۆللەيدۇ،
سۈت - قايماقلار كۆپىيىدۇ.

قىش بويى ئۇۋىسىدا ئۇيقۇدا ياتقان
جان - جانىۋارلار ئويغىنىدۇ. ئوت - چۆپ،
گۈل - گىياھلار ھەممە ياقنى قاپلايدۇ.

ئادەملەر قىشلىق قېلىن كىيىملىرىنى
يېشىۋېتىپ، يېنىك كىيىملىرىنى كىيىپ،
ئېتىزغا، زاۋۇتقا، ئىدارە - جەمئىيەتلەرگە
بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلار باھار شادلىقىغا چۆ-
مۈپ، خۇشال - خۇرام ھالدا مەكتەپلىرىگە
مېڭىشىدۇ.

6. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

1) ئەتىياز كەلدى.
2) قارلار ئېرىدى.
3) قۇشلار ئۇچۇپ كەلدى.

ئۈلگە: قۇشلار ئىسسىق ياقلاردىن ئۇچۇپ كەلدى.

7. تۆۋەندىكى ئارىيەت ئېلىش ھۆججىتىنىڭ يېزىلىشى توغرىمۇ؟ قانداق يېزىلسا توغرا بولىدۇ؟ قايسى مەزمۇنلار كەم يېزىلغان؟ تولۇقلاپ يېزىپ كېلىڭلار.

مەن ئادىلدىن كىتاب ئارىيەت ئالدىم.

ئابدۇللا



## 11. ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ ئۆزى ئىستىھكام

1939 - يىلى ئەتىيازدا، مەشھۇر چىخۇي جېڭى باشلاندى. ياپون ئالۋاستىلىرى قاتتىق ھەيۋە بىلەن چىخۇي بازىرىغا بېرىشى بىلەنلا ئەدىبىنى يەپ، ئارمىيىمىز تەرىپىدىن 500 دىن ئارتۇق ئادىمى يوقىتىلدى.

جەڭ شىددەتلىك داۋاملاشماقتا. ئارمىيىمىزنىڭ يارىدارلىرى جەڭ مەيدانىدىن ئۈزلۈكسىز توشۇپ كېلىنمەكتە. جەڭ مەيدانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان كىچىك بىر بۇتخانىدا، دوختۇر بېتيۇن يارىدارلارنى ئوپېراتسىيە قىلماقتا ئىدى. ئۇ ئىككى كېچە - كۈندۈز ئارام ئالمىغاچقا، كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇشتۇمتۇت بىرنەچچە پاي زەمبىرەك ئوقى بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە چۈشتى. قارا تۈتەكلەر ئۆرلەپ، ئوق پارچىلىرى ئۇچۇپ، بۇتخانىنى ئىس -

تۇتەك قاپلاپ كەتتى. بىتيۈن يەنىلا ناھايىتى
ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئوپېراتسىيە ئۈس-
تەلىنىڭ يېنىدا تۇراتتى. ئۇ يارىدەمچىسى
تۇتقان ئىسقۇچنى ئېلىپ، يارىدارنىڭ
قورساق بوشلۇقىدىن چەبدەسلىك بىلەن
بىر پارچە ئوق پارچىسىنى قىسىپ ئېلىپ،
پەتنۇسقا تاشلىدى.

دۈشمەن ئايروپىلانلىرى ئۈزلۈكسىز
ئايلىنىپ، زەمبىرەك ئوقلىرى ئەتراپتا تىنى-
ماي پارتلاشقا باشلىدى. شى سەھىيە بۆلۈ-
مىنىڭ باشلىقى ئالدىراش يېتىپ
كېلىپ، بىتيۈنغا:

— شىجاڭ سىزنىڭ بىر قىسىم
يارىدارلار بىلەن بىرلىكتە بۇ يەردىن ئاي-
رىلىشىڭىزنى قارار قىلدى، — دېدى. بىتيۈن
بىردەم ئويلىنىۋېلىپ: — بىر قىسىم يارى-
دارلارنى يۆتكەپ كېتىشكە قوشۇلىمەن.
شەخسەن ئۆزۈمگە كەلسەم، جەڭچىلەر بىلەن
بىللە بولىمەن، ئۇلاردىن ئايرىلالمايمەن، —
دېدى. سەھىيە بۆلۈم باشلىقى يالۋۇرۇپ:

— يولداش بىتيۈن، بۇ يەر خەتەرلىك،
سىزنى بۇ يەردىن ئايرىلسۇن دېيىشىمىز



جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجى! — دېدى.
بىتيۈن:

— شىجاڭنىڭ ھىممىتىگە رەھمەت.
بىراق، ئوپېراتسىيە ئۈستىلى — دوختۇرنىڭ
ئىستىھكامى. جەڭچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىس-
تىھكاملىرىدىن ئايرىلمىغان تۇرسا، مەن
ئۆز ئىستىھكامىمدىن قانداق ئايرىلالايمەن؟
يولداش باشلىق، شىجاڭغا ئېيتىپ قويۇڭ،
مەن مېھمان ئەمەس، 8 - ئارمىيىنىڭ بىر
جەڭچىسى، — دېدى - دە، ئېگىشىپ داۋام-
لىق يارىدارنى ئوپېراتسىيە قىلىۋەردى.

بۇتخانىنىڭ چۆرىسىگە ئۇدا بىرقانچە
پاي زەمبىرەك ئوقى چۈشۈپ، بۇتخانىنىڭ
بىر بۇلۇڭىدىن بىرمۇنچە كاھىش پارچىلى-
رىنى چۈشۈرۈۋەتتى. ئىشىك پەردىسىگىمۇ
ئوت تۇتىشىپ، يالقۇن ئوپېراتسىيە ئۈستى-
لىگە يېقىنلىشىپ قالدى. بىتيۈننىڭ يارىدەم-
چىلىرى ئوتنى دەرھال ئۆچۈرۈۋالدى.
جىرغىچىلار ئەترىتى ئوپېراتسىيە قىلىنىپ
بولغان يارىدارلارنى تېزدىن ئارقا سەپكە
يۆتكەپ كەتتى. بىتيۈن يەنىلا مىنۇت -
سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، يارىدارلارنى

ئارقا - ئارقىدىن ئوپېراتسىيە قىلىۋەردى.



چېنخۇي جېڭگى غەلىبىلىك ئاياغلاشتى. بۇ قېتىمقى جىددىي ئۈچ كېچە - كۈندۈز داۋاملاشتى. دوختۇر بېتيۇن ئوپېراتسىيە ئۈستىلى يېنىدا ئۇدا 69 سائەت ئىشلىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك ئوقۇڭلار. شى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى نېمە ئۈچۈن دوختۇر بېتيۇننى يۆتكىمەكچى بولدى؟ دوختۇر بېتيۇن ئۇنىڭغا قانداق جاۋاب بەردى؟ تېكىستتىن بۇنىڭغا ئائىت جۈملىلەرنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.



2. تۆۋەندىكى مەزمۇنلار تېكىستنىڭ قايسى ئابزاسىدا ئىكەنلىكىنى تېپىڭلار، ھەممىدە نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق تەرتىپ بويىچە يېزىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

1) زەمبىرەك ئوقى بۇتخانىنىڭ ئالدىدىكى بوش يەرگە چۈشتى، بېتيۇن ناھايىتى ئېغىر - بېسىقلىق بىلەن ئوپېراتسىيە ئۈستىلىنىڭ يېنىدا تۇراتتى.

2) زەمبىرەك ئوقلىرى بۇتخانا ئەتراپىدا پارتلاشقا باشلىدى، شى سەھىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دوختۇر بېتيۇنغا يۆتكىلىشنى ئېيتسىمۇ، ئۇ قوشۇلماستىن، داۋاملىق تۈردە يارىدارلارنى ئوپېراتسىيە قىلىۋەردى.

3) يالقۇن ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە يېقىنلىشىپ قالدى، دوختۇر بېتيۇن يەنىلا مىنۇت - سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي، يارىدارلارنى ئوپېراتسىيە قىلىۋەردى.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

چەبدەسلىك، جەڭچى، ئۈزلۈكسىز

## 12. خۇاڭ جىگۇاڭ

1952 - يىل 10 - ئايدا، چاۋشيەن جەڭ مەيدانىدىكى ئەڭ كەسكىن شاڭگەنلىڭ ئۇرۇشى باشلاندى. خۇاڭ جىگۇاڭ تۇرۇشلۇق يىڭ ئۇدا تۆت كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلدى. 5 - كۈنى ئاخشىمى يۇقىرىدىن ئەتە تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن دۈشمەن ئىگىلەپ تۇرغان 597·9 ئېگىزلىكنى ئېلىش ھەققىدە بۇيرۇق كەلدى.

ھۇجۇم باشلاندى. گۈمبۈرلەپ ئېتىلىۋاتقان توپ - زەمبىرەكلەرنىڭ ھىمايىسى ئاستىدا، جەڭچىلەر دۈشمەن ئىستىھكامىغا يولۋاستەك ئېتىلدى، ئۇلار تاغ چوققىلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، 597·9 ئېگىزلىكىنىڭ ئاساسىي چوققىسىغا يېتىپ باراي دەپ قالغانىدى. ئۇشتۇمتۇت، دۈشمەننىڭ بىر ئوت كۈچى نۇقتىسى شىددەتلىك ئوق ياغدۇرۇشقا باشلىدى. نەچچە ئونلىغان پىلموتلاردىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئوت تىللىرى بىرلىشىپ زىچ



ئوت تورىنى ھاسىل قىلىپ، جەڭچىلەرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇپ قويدى. جەڭچىلەر بىرنەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ باققان بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى نەتىجىسىز چىقتى. يارىدار بولغان يولداشلارمۇ بارغانسېرى كۆپەيدى.

شەرقتىن چولپان يۇلتۇزى كۆتۈرۈلدى. سىياسىي رەھبەر سائەتكە قارىدى، سائەت تۆتتىن ئاشقانىدى. ئەگەر بۇ ئوت كۈچى نۇقتىسىنى تېزلىك بىلەن يىغۇشتۇرۇپ، تاڭ ئېتىشتىن بۇرۇن 597·9 ئېگىزلىكنى ئالمىغاندا، بىر كېچە كۈرەش قىلىپ ئىگىلىگەن تاغ چوققىلىرى تامامەن قولدىن كېتىپ قالاتتى. خۇاڭ جىگۇاڭ تولۇپ تاشقان غەزەپ بىلەن دۈشمەنگە تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئۇشتۇمتۇت بۇرۇلدى - دە، قەتئىي ھالدا سىياسىي رەھبەرگە:

— سىياسىي رەھبەر، بۇ ۋەزىپىنى ماڭا تاپشۇرۇڭ، — دېدى.

سىياسىي رەھبەر خۇاڭ جىگۇاڭنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ، مەن سىزنىڭ بۇ شەرەپلىك

ۋە مۇشكۈل ۋەزىيەتنى جەزمەن ئورۇندىشى-
ڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى. خۇاڭ جىگۇاڭ
تولۇپ تاشقان ئىشەنچ ۋە جاسارەت بىلەن:
— ۋەتەن خەلقى غەلىبە خەۋىرىمىزنى
ئاڭلىسۇن! — دەپ توۋلىدى. ئۇ ئىككى جەڭ-
چىنى باشلاپ، قول مىناسى ئېلىپ، دۈشمەن-
نىڭ ئوت كۈچى نۇقتىلىرىغا قاراپ ئۆمىلەپ
كەتتى.

دۈشمەن ئۇلارنى سېزىپ قالدى. سانسىز
يورۇتقۇچ ئوقلار ھاۋا بوشلۇقىغا كۆتۈرۈلۈپ،
كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتۇۋەتتى. زەمبىرەك
ئوقلىرى ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا پارتلىماقتا
ئىدى. ئۇلار قويۇق ئىس - تۈتەك ۋە ئوت
يالقۇنلىرىغا پىسەنت قىلماي، يەر بېغىرلاپ
ئالغا ئىلگىرىلەيتتى. ئۇشتۇمتۇت بىر جەڭچى
قۇربان بولدى، ئارقىدىنلا يەنە بىر جەڭچى-
مۇ يارىلاندى. ئەمدى پەقەت خۇاڭ جىگۇاڭلا
قالدى. ئۇ قەيسەرلىك بىلەن ئالغا قاراپ
ئۆمىلەپ باراتتى. دۈشمەننىڭ 3 — 4 پىلىموتى
خۇاڭ جىگۇاڭنى ئوققا تۇتۇۋاتاتتى، ئوقلار
گويا مۆلدۈردەك چۈشمەكتە. خۇاڭ جىگۇاڭ-
نىڭ مۈرە ۋە پۇتلىرى يارىلاندى. ئۇ ئىنتا-



يىن قىينىلىپ پۈتۈن كۈچى بىلەن ئالغا سىل-
جىيتتى. ئالغا! ئالغا! يەنە 20 مېتر، 10 مې-
تر... يېقىنلاشتى، تېخىمۇ يېقىنلاشتى.

خۇاڭ جىگۇاڭ ئورنىدىن دەس تۇردى.
شىددەتلىك يامغۇردەك ئوقلار ئىچىدە دەس
تۇردى! ئۇ ئوڭ قولىنى كۆتۈردى. قول مى-
ناسى كۆزىتىش چىرىغىنىڭ نۇرىدا يالت -
يۇلت قىلىپ پارقىرايتتى.

«گۈمبۈر» قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ
دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نۇقتىسىنىڭ يېرىمى
غۇلاپ چۈشتى، خۇاڭ جىگۇاڭمۇ ھوشىدىن
كەتتى. يولداشلار ئۇچقاندەك ھۇجۇمغا ئۆتتى،
ئەمما ئويلىمىغان يەردىن دۈشمەننىڭ پىلىموتى
يەنە سايراشقا باشلىدى. ھۇجۇمغا ئۆتۈپ
يېرىم يولغا كەلگەن جەڭچىلەر تاغ باغرىدا
توختاپ قالدى. خۇاڭ جىگۇاڭ كۆزىنى ئاچتى.
ئۇ يەتتە يېرىدىن ئېغىر يارىلانغان بولۇپ،
يېنىدا بىرەر قورالمۇ قالمىغانىدى. تاڭ ئې-
تىشقا ئاز قالدى، بەلگىلەنگەن ۋاقىتمۇ
توشۇش ئالدىدا تۇراتتى. ئۇ سىياسىي رەھ-
بەرنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، سەپداش-
لىرىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، ۋەتەن

خەلقىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى، چاۋ-شىيەن خەلقىنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىپ، يەنە ئورنىدىن تۇردى! ئۇ كۈچلۈك قوللىرىنى كەڭ يېيىپ، دۈشمەننىڭ



ئوق ياغدۇرۇۋاتقان ئوت كۈچى نۇقتىسىغا قاراپ شىددەت بىلەن ئېتىلىپ باردى ۋە ئۆزىنىڭ كۆكرىكى بىلەن دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى.

«ھۇررا! خۇاڭ جىگۇاڭ ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى!» دېگەن ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سادالار كۆكتە ياڭرىدى، جەڭچىلەر گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك



دۈشمەنگە يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، ئىستېھكامنى ئىگىلىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى پىششىق ئوقۇپ چىقىڭلار.
2. خۇاڭ جىگۇاڭ تۇرۇشلۇق قىسىم قانداق ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالدى؟ جەڭ ۋەزىيىتى قانداق ئىدى؟
3. خۇاڭ جىگۇاڭ نېمە ئۈچۈن دۈشمەننىڭ ئوت كۈچى نۇقتىسىنى يوقىتىش ۋەزىپىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلدى ۋە ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ۋەزىپىنى قانداق ئورۇندىدى؟
4. خۇاڭ جىگۇاڭنىڭ قانداق روھى بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ؟
5. تېكىستنى «خۇاڭ جىگۇاڭ كۆزىنى ئاچتى...» دېگەن يەردىن «دۈشمەن پىلىموتىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى» دېگەن يەرگىچە ياد ئىملا قىلىپ يېزىڭلار.
6. بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) خۇاڭ جىگۇاڭ تولۇپ تاشقان (   ) ۋە (   ) بىلەن بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى.

2) جەڭچىلەر گويا (   ) دولقۇنلىرىدەك، دۈشمەنگە يوپۇرۇلۇپ بېرىپ، (   ) ئىگىلىدى.

## 13* . ئېرخوزى

تاڭ ئەمدى يورۇي دېگەندە ئوتتۇرا خېبېي تۈزلەڭلىكىدىكى بىر كەنتنى 100 دىن ئارتۇق ياپون ئەسكىرى مۇھاسىرىگە ئېلىۋالدى. بۇ خەۋەر ئېرخوزىلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىشى بىلەن ئېرخوزىنىڭ ئانىسى تىت - تىت بولۇپ كەتتى. چۈنكى ئۇ، لاۋۋاڭنى دۈشمەنلەر تۇتۇپ كېتەرمىكىن دەپ قورقتى. لاۋۋاڭ رايوننىڭ كادىرى بولۇپ، ئالدىنقى كۈنى بۇ يەرگە يىغىن ئاچقىلى كېلىپ، ئېرخوزىلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالغانىدى.

— چوڭ ئانا، ئۆيىڭىزدە گەمە بارمۇ؟ — دەپ سورىدى لاۋۋاڭ.

— يوق.

— مۆكۈۋالغۇدەك يەرمۇ يوقمۇ؟

— ئۇنداق يەرمۇ يوق، باشقا بىر چارە قىلايلى.



لاۋۋاڭ بېلىدىكى تاپانچىسىنى قولىغا ئېلىپ، چىقىپ كەتمەكچى بولدى. ئېرخوزىنىڭ ئانىسى دەرھال ئۇنى توسۇۋېلىپ:

— مۇنداق قىلايلى، سىز ئاغرىق بولۇپ كاڭدا يېتىۋېلىڭ، دۈشمەنلەر كىرسە، مەن سىزنى قوغدايمەن، — دېدى.

لاۋۋاڭ ماقۇل بولغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ، قولىدىكى تاپانچىسىنى قايتىدىن بېلىگە قىستۇرۇپ قويدى. ئۇ ئەمدىلا يېتىشىغا مىلتىق ئاۋازى چىقىپ، كەنت پاتىپاراق بولۇپ، قىيا - چىيا كۆتۈرۈلدى. بىردەمدىن كېيىن قىيا - چىيا بېسىلىپ، پەقەت ئاياغ تىۋىشىلا ئاڭلاندى. دۈشمەنلەر كەنتكە بېسىپ كىرگەنىدى.

— چىقىش، ھەممىڭ ئۆيدىن چىقىش! دۈشمەنلەر ھەربىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئۇرۇپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك قاتتىق ۋارقىرايتتى.

كەنتتىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى مەيدانغا ھەيدەپ ئەكىلىشتى. نەيزىلىرى ۋاللىداپ تۇرغان مىلتىقلىق دۈشمەنلەر مەيداننىڭ ئەتراپىنى قورشاپ تۇراتتى. مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا پىلىموتلار قويۇل-

غانىدى. دۈشمەنلەر بۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ ئەرلىرىنى بىر ياققا، ئاياللىرىنى بىر ياققا، ئۇششاق بالىلىرىنى يەنە بىر ياققا ئايرىپ تۇرغۇزدى.

مەيداندا ئادەملەر قىستىلىپ، چىرايلىرىنى تۈرۈشۈپ، گەپ - سۆز قىلىشماي تۇراتتى.

دۈشمەنلەردىن بىرى بالىلارنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— سىلەر بىر - بىرلەپ چىقىپ ھەرقايسىڭلار ئۆز ئۆيۈڭلاردىكى كىشىلەرنى ئېلىپ كېتىڭلار، خاتا تونۇپ قالماڭلار، ئەگەر كىمكى باشقا بىرىنى ئېلىپ كېتىدىغان بولسا كاللىسى ئېلىنىدۇ، بىر ئۆيلۈكنىڭ ھەممىسىنى چېپىپ تاشلايمىز! — دېدى. ئاندىن چوڭلارغا بۇرۇلۇپ زەھەرخەندىلىك بىلەن:

— گەپ قىلىشقا رۇخسەت يوق، گەپ قىلساڭلار كاللاڭلاردىن ئايرىلىسىلەر، — دېدى.

ئۇ گەپ قىلىۋېتىپ، ئەرلەر تەرەپكە كۆز يۈگۈرتۈپ، ھەربىر كىشىنىڭ چىرايىغا



سەپسىلىپ قاراشقا باشلىدى. لاۋۋاڭ ئۆز جايىدا ھودۇقماستىن بىمالال تۇراتتى.

بالىلار ئۆز ئۆيىدىكى كىشىلەرنى توپ ئىچىدىن ئېلىپ مېڭىشقا باشلىدى. سەپىنىڭ ئەڭ ئالدىدا سەن نيۇ دېگەن قىز تۇراتتى، ئۇ ھەممىدىن بالدۇر ئەرلەر تەرەپكە بېرىپ، دادىسىنىڭ پېشىدىن تۇتتى - دە، «ماڭ دادا، كېتىمىز» دېدى.

ئۇنىڭ دادىسى ماڭدى. ئۇ ئاياللار تۇرغان يەرگە بېرىپ، ئانىسىنىڭ قولىدىن تارتىپ: «ئانا، ماڭ!» دېدى.

ئانىسى ئالدىغا چىقتى.

دۈشمەنلەر ئۇلارغا سەپسىلىپ قاراپ چىقتى - دە، قولىنى شىلتىپ «يوقال» دەپ ۋارقىرىدى.

نۇرغۇن كىشىلەرنى بالىلىرى باشلاپ ئېلىپ كېتىشتى، ئەرلەر تەرەپتە پەقەت ئون نەچچە كىشى قالدى. لاۋۋاڭ ئۇ يەردە ناھايىتى تەمكىن تۇراتتى. ئېرخۇزىنىڭ ئانىسى ئەندىشە ئىچىدە قالدى. ئۇ لاۋۋاڭنى ئىنىمنىڭ بالىسى دەپ ئېلىپ ماڭايمىكىن دېگەن ئويغا كەلگەن بولسىمۇ،

لېكىن دۈشمەنلەر بايا چوڭلارنىڭ گەپ قىلىشىغا رۇخسەت يوق دېگەنىدى.

ئەرلەر تەرەپتە يەتتە كىشى قالدى. لاۋۋاڭ يەنىلا تەمكىن تۇراتتى. ئۈچ بالا يەنە ئۈچ ئادەمنى باشلاپ كەتتى، ئەمدى پەقەت تۆتلا ئادەم قالدى. بۇ چاغدا لاۋۋاڭ قولىنى بېلىگە ئۇزىتىۋېدى، ئېرخۇزىنىڭ ئانىسى بۇنى كۆرۈپ جىددىيلىشىپ ۋارقىرىۋەتكىلى تاس قالدى. چۈنكى ئۇ لاۋۋاڭنىڭ بېلىدە تاپانچىسىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى، بىراق لاۋۋاڭ ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ قولىنى پەسكە چۈشۈردى.

ئېرخۇزىغا نۆۋەت كەلگەنىدى، ئۇ ھېچ ھودۇقماستىن ئاياللار تەرىپىگە بېرىپ ئانىسىنى تارتىپ:

— ئانا كېتەيلى، — دېدى.

ئانىسى ماڭدى. ئېرخۇزى يەنە ھېچ ھودۇقماستىن ئەرلەر تەرەپكە بېرىپ لاۋۋاڭنى تارتىپ:

— ئاكا، يۈر كېتەيلى، — دېدى.

لاۋۋاڭمۇ ھېچ ھودۇقماستىن ئالدىغا چىقتى.



دۈشمەنلەر ئۇلارنى توسۇپ تۇرۇپ:

— بۇ راست سېنىڭ ئاكاڭمۇ، — دەپ سورىدى ئېرخۇزىدىن.

— ئاكىنىڭمۇ يالغىنى بولامدۇ؟ — دېدى ئېرخۇزى دۈشمەنگە قاراپ قويۇپ.

— يالغان ئېيتساڭ بېشىڭ كېتىدۇ، — دېدى - دە، بىر قولى بىلەن بېشىنىڭ چېپىلىدىغىنىنى ئىشارەت قىلدى دۈشمەن. ئاندىن ئېرخۇزىنىڭ ئانىسىدىن سورىۋېدى، ئانىسىمۇ راست دېدى. ئۇ يەنە باشقىلاردىن سورىۋېدى، ئۇلارمۇ راست دېدى.

ئېرخۇزى بىر قولىدا ئانىسىنى، بىر قولىدا لاۋۋاڭنى يېتىلەپ ئۆيىگە كەتتى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ۋە تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) لاۋۋاڭ راستىنلا ئېرخۇزىنىڭ ئاكىسىمۇ؟

2) ئېرخۇزى نېمە ئۈچۈن لاۋۋاڭنى ئاكام دەيدۇ؟

3) ئېرخۇزى لاۋۋاڭنى قانداق قىلىپ ئېلىپ كەتتى؟

2. تېكىستنى تەپسىلىي ھالدا قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

## ∆14. كىچىك قىساسچى*



1941 - يىلى
بىر قىزچاقنىڭ
موسكۋا ئەتراپىدى-
كى ئۇرۇشتا كۆر-
سەتكەن ئاجايىپ
جاسارىتى خىيالىم-
دىن كەچتى.
ئۆكتەبرنىڭ
ئوتتۇرىلىرى ئىدى.
يېردىم كېچە، دۈش-
مەننىڭ بومباردىمان-
چى ئايروپىلانلىرى
موسكۋاغا قاراپ
ئۇچماقتا. شۇ ئاردا
دەريا بويىدا تىر-
لەپ - پىشىپ ئىشلە-

* قىسقارتىپ ئېلىندى.



ۋاتقان جەڭچىلەرنىڭ ئالدىغا تۇرمان تەرەپتىن
كىمدۇر بىرى ئۆمىلەپ كېلىشكە باشلىدى.
«كىمدۇ؟ نېمىس ئەسكەردەۇ ياكى قورشاۋ-
دىن چىقىۋاتقان قىزىل ئەسكەرمۇ؟» ئۇ يې-
قىنلاشقاندا، قول چىرىغىمنى ئۇنىڭغا قارىتىپ
ياقتىم. نېمىس ئەسكىرىمۇ، قىزىل ئەسكەرمۇ
ئەمەس، جۇل - جۇل كىيىملىك بىر بالا
توپتوغرا مىنا كۆمۈلگەن مەيدانغا كى-
رىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىلگىرى ئۆزلىرى
سۇغا چۆمۈلۈپ، مال بېقىپ يۈرگەن جايلار-
غا جەڭچىلەرنىڭ دۈشمەن ئۈچۈن ئەجەل
مەيدانى راسلاۋاتقانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟
— توختا، پارتلاپ كېتىسەن!
بالا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالدى. چۈۋۇلۇپ
كەتكەن ئاق سېرىق چاچلىرى يۈز - كۆزى-
نى توسۇۋالغان بۇ بالا ئوغۇل ئەمەس،
قىزدەك كۆرۈنەتتى.
— يولداش، ماڭا كوماندىر كېرەك!... —
ئىنچىكە، نازۇك ئاۋازدىمۇ ئۇنىڭ قىز ئىكەن-
لىكىنى ئىسپاتلايتتى.
ئۇ سوۋېت ئەسكەرلىرىنىڭ ئاۋازىنى
ئاڭلاپ جانلىنىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن

تۇرۇپ «يولداش كوماندىر!» دەپ ۋارقىرىغىنىچە بىز تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى.

— ئالدىڭغا ماڭما، پارتلاپ كېتىسەن!

— ماڭا كوماندىر كېرەك، ئېيتىڭلارچۇ، قايسىڭلار كوماندىر؟ — دېدى قىزچاق تۇرغان يېرىدە ياغاچتەك قېتىپ.

جەڭچىلەر ئۇنى بىخەتەر يوللار ئارقىلىق كوماندىر شتابىغا ئېلىپ كەلدى.

كۆزى كۆپكۆك، چىرايى سېرىق، كىچىككىنە — 11 ياشلار چامىسىدىكى بۇ قىزچاق چۇۋۇلغان چاچلىرىنى قولى بىلەن تۈزەپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— يولداش كوماندىر! ئۆيىمىزدە فاشىستلار كۆپ... ھازىر يوتقان - كۆرپىلەرنى سېلىپ ئېغىناپ يېتىشىدۇ، تېزرەك بولۇڭلار، ھازىرلا بارساڭلار، ھەممىسىنى ئۆلتۈرەلەيسىلەر. تېز بولۇڭلارچۇ، ئۇلار دادامنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئەمدى ئاپامنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتمىسۇن. ئۇلار...

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— سىۋېتلانا، تېزرەك بولۇڭلا، يولداش كوماندىر، ئۇلار ئويغىنىپ قالمىسۇن، مەن



سىلەرنى مەخپىي يوللار بىلەن باشلاپ بارىمەن، ئۆيگە باغ تەرەپتىنلا كىرىسىلەر.

ئىشىمىز بەكمۇ ئالدىراش ئىدى. تاڭ ئاتقۇچە ئەتراپقا مەخپىي مىنا كۆمۈپ، فاشىستلار ھۇجۇم قىلسا ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇشىمىز لازىم ئىدى. بۇ بۇيرۇق، قەتئىي بۇيرۇق ئىدى. بۇ يەردىن ئايرىلىشقا قەتئىي بولمايتتى. بۇ ۋەتەنپەرۋەر قىزچاققا ياردەم بېرىپ، قىساسىنى ئېلىپ بەرگۈمىز بولسىمۇ، ۋاقىت يار بەرمەيتتى.

— سىۋېتلانا، ئاپئاق قىزچاق، ھەسرىتىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، — دېدىم ئۇنىڭغا، — دادىڭىز ئۈچۈن فاشىستلاردىن چوقۇم قىساس ئالىمىز! ئەمما ھازىر ئەمەس، بىز بۇ يەرگە مىنا مەيدانى — قىساس ئېلىش مەيدانى ياساۋاتىمىز، ئۇلارنى مۇشۇ يەرگە كۆمىمىز.

تەلمۈرۈپ تۇرغان قىزچاق ھۆكرەپ يىغلىۋەتتى.

— ئەمدى قانداق قىلارمەن؟ ئاپام يالغۇز قالدى.

ئۇنىڭ بېشىنى سىلىدىم.

— خاپا بولماڭ، يىغلىماڭ، كۆز يېشى قىلغانىڭ پايدىسى يوق. ياتاقتا كىرىپ ئۇخلىۋېلىڭ...

سۋېتلانا قىساس ئېلىشنىلا ئويلايتتى، باشقا گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئۇ «ئاپتومات بېرىڭلار، نېمىسلار ئۇخلاۋاتقاندا ئۆزۈم قىردۇۋېتەي، ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويسىڭىزلا بولىدۇ» دەپ تۇرۇۋالدى. بىزدە ئاپتومات يوق ئىدى. تاپانچامنى بېرەي دېسەم بولمىدى. كۆڭلى ئۈچۈن نەيزىلىك مىلتىقتىن بىرنى بەردىم. جەڭگىۋار بەش ئاتارلىق مىلتىق ئۇنىڭ بويىدىن ئىككى غېرىچ ئۇزۇن ئىدى، شۇڭا ئۇ ئەپلەشتۈرەلمىدى. پارتلىغاندا 2400 گە پارچىلىنىدىغان گرانات بار ئىدى، قىزچاقنىڭ ئۆزىنى مېيىپ قىلىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ ئۇنىمۇ بەرمىدۇق. قەتئىي سۆزلۈك سۋېتلانا يېلىنىپ - يالۋۇرۇپ مىنا سورىدى.

— يوق دېمەي كىچىك مىنادىن بىرنى بېرىڭلارچۇ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى پارتلىتىۋېتەي، — دەپ كۆزۈمگە تەلمۈردى، —



ئۇ قانداق قىلسام پارتلايدۇ، كوماندىر ئاكا؟

كۆز يېشى تۆكۈلۈپ تۇرغان قىزچاققا رەھىم كەلدى. ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلالايدىغانلىقىغا ئىشەندىم - دە، سائەت مېخانىزمى ئورنىتىلغان مىنا قۇتىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويدۇم ۋە:

— بۇنى فاشىستلارنىڭ كوماندىرى ياتقان ئۆيگە قويۇڭ، — دەپ تاپىلىدىم.

— ئۆزى پارتلامدۇ؟ — قىزىقىپ سورىدى سۋېتلانا.

— دەل سائەت يەتتە يېرىمدا فاشىستلارنى ئۆزى ئويغىتىدۇ، ئەمما ئۆزىڭىزگە ئېھتىيات قىلىڭ، ئاپىڭىزمۇ ئۆزىنى ئالدىغا ئالسۇن.

سۋېتلانا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كەتتى ۋە ھەش - پەش دېگۈچە قاراڭغۇلۇق قوينىدا غايىب بولدى.

ئىشلارنىڭ ئالدىراشلىقىدا سائەتكە قاراشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمىز. ئەتىسى سەھەردە يېزىدا گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. سائەتكە قارىسام دەل يەتتە يېرىم...

ئىككى ئايدىن كېيىن، يەنى دېكابىرنىڭ ئاخىرىدا قوشۇنىمىز قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ ئاشۇ يېزىنى ئازاد قىلغان كۈنى بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسىنى بىلدۇق. بۇزۇلماي قالغان ئۆيدە ياتقان ياردار بوۋاينىڭ ئېيتىشىچە، سۋېتلانا فاشىستلار ياتقان ئۆينى پارتلاتقاندىن كېيىن، دۈشمەنلەر يېزا ئاھالىسىنى قاياققىدۇ ھەيدەپ كېتىپتۇ.

— سۋېتلانا ئامانمۇ؟ ئۇ نەدە؟ — ئالدىراپ سورىدىم مەن.

— ئانا - بالا پارتىزانلار ئەترىتىگە قوشۇلۇپ كەتتى، — دېدى بوۋاي.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى قايتا - قايتا ئوقۇڭلار. مەزمۇنىنى تولۇق ئىگىلىۋالغاندىن كېيىن ئۆز سۆزۈڭلار بويىچە ھېكايە قىلىپ بېرىڭلار.

2. سۋېتلانا نېمە ئۈچۈن كوماندىردىن ئاپتوماتنى سورىدى؟ تېكىستتىن شۇ جۈملىلەرنى تېپىپ ئاستىغا سىزىڭلار ۋە كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

3. تېكىستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

مەردانە، باھادىر، ئاجايىپ، جاسارەت، بومباردىمان، تەرلەپ - پىشىپ، فاشىست، ۋەتەنپەرۋەر، قىساس، مېيىپ، ئۆكتەبىر، دېكابىر

## IV ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى جۈملىلەردە خاتا ئىشلىتىلگەن سۆزلەرنى تېپىڭلار، جۈملىلەرنى توغرىلاپ كۆچۈرۈڭلار.

1) مەن چوقۇم ئېيتىمەنكى، ئىرخۇزى لاۋۋاڭنى مېنىڭ ئاكام دەپ ئېلىپ چىقىپ كېتىشى مۇمكىن.

2) دۈشمەنلەر يېزىدىكى چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقتى، پەقەت قېرىلارلا قالدى.

3) مەن كەچقۇرۇن تۈپتوغرا سائەت 5 — 6 لەردە يېتىپ بارىمەن.

4) مەن ماتېماتىكا تاپشۇرۇقىنىڭ ھەممىسىنى ئىشلەپ بولدۇم، يەنە ئىشلەپ بولالمىغان بىر مەسىلە قالدى.

2. تۆۋەندىكى ئۈلگىگە ئاساسەن، بېرىلگەن ھەر بىر سۆزگە قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆزلەرنى يېزىڭلار.

ئۈلگە: دوست ـ دۈشمەن

| | |
|---|---|
| كۈچلۈك ــــــ | سوغۇق ــــــ |
| چاپسان ــــــ | پاكار ــــــ |
| كۈندۈز ــــــ | ھۇجۇم ــــــ |

3. تۆۋەندىكى بىرىنچى گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى ئوقۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا سېلىشتۇرۇڭلار. قانداق پەرق بارلىقىغا دىققەت قىلىڭلار. شۇ ئاساستا ئىككىنچى گۇرۇپپىدىكى جۈملىلەرنى تولۇقلاپ يېزىڭلار.

1 ـ گۇرۇپپا:

(1) ئۇ ئوقۇغۇچى.

(2) ئۇ 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

(3) ئۇ 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

(4) ئۇ ئۈرۈمچى شەھەرلىك 5 ـ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 ـ سىنىپ ئوقۇغۇچىسى.

2 ـ گۇرۇپپا:

(1) مەن كىتاب ئالدىم.

(2) مەن ــــ دىن كىتاب ئالدىم.

(3) مەن ــــ دىن ــــ كىتاب ئالدىم.

4. ئۆزۈڭلارغا تونۇشلۇق بىرەر كىشىنى تەپسىلىي



كۆرسىتىڭلار. ئۇنىڭ بوي ـ تۇرقى، چىراي ـ شەكلى، كىيىم ـ كېچەكلىرى ۋە مېڭىش ـ تۇرۇشىنىڭ قانداقلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار، ئاندىن تېنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق يېزىڭلار.

5. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە داھىيلار، ئىنقىلابىي قۇربانلار ھەققىدە يېزىلغان ھېكايىلەرنى تېپىپ ئوقۇڭلار، ئوقۇغىنىڭلارنى ساۋاقداشلىرىڭلارغا سۆزلەپ بېرىڭلار.

# △15. قۇشقاچ

مەن ئۆيدىن قايتىپ، يول بويىدىكى دەرەخ سايىسىدە كېلىۋاتاتتىم، ئوۋ ئىتىم ئالدىمدا ئويناقشىپ كېتىۋاتاتتى.

ئىت تۇيۇقسىزلا ئالدى تەرەپتىكى يات بىر نەرسىنى سەزگەندەك قەدىمىنى ئاستىلاتتى.

قاتتىق چىقىۋاتقان بوران يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئاق قېيىن دەرىخىنى ئۇياق - بۇياققا ئىغاڭلىتاتتى. مەن ئالدى تەرىپىمگە قاراپ، بىر قۇشقاچ بالىسىنىڭ نىمە قىلىشىنى بىلمەي، قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ تۇرغانلىقىنى كۆردۈم. تۇمشۇقى سېرىق، بېشىغا يۇمران پەيلەر ئۆسكەن بۇ قۇشقاچ بالىسىنىڭ تېخى ئۇچۇرما بولمىغانلىقى، ئۇۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى كۆرۈنۈپلا تۇراتتى.

ئىت ئاستا مېڭىپ قۇشقاچ بالىسىغا



يېقىنلاشتى - دە، ئۇنى پۇراپ قويۇپ، ئۆتكۈر چىشلىرى بىلەن ئۇنىڭغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. تۇيۇقسىز بىر چوڭ قۇشقاچ خۇددى بىر تال تاش ئاسماندىن چۈشكەندەك دەرەخ شېخىدىن ئىتنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى. ئۇ قانات - پەيلىرىنى ھۆرپەيتىپ ئىنچىكە ئاۋازى بىلەن ۋىچىرلايتتى.



قۇشقاچ ئۆزىنىڭ تېنى بىلەن بالىسىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشنى ئويلايتتى. جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن، ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنى لاغىلداپ تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى. ئۇ شۇ ھالەتتە بىر مەيدان ئېلىشىشقا تەييارلاندى. ئۇنىڭ نەزەرىدە ئوۋ ئىتى ئاجايىپ يوغان مەخلۇق ئىدى. شۇن-

دا قىتمۇ ئۇ ھېچقانداق خەتەر بولمىغان ئېگىز دەرەخ ئۈستىدە تۇرالمايتتى، قانداقتۇ بىر خىل قۇدرەتلىك كۈچ ئۇنى دەرەخ ئۈستىدىن يەرگە چۈشۈرگەندى.

ئىت تۇرۇپلا قالدى، ئۇ چوڭ قۇشقاچنىڭ مۇنچىۋالا غەيرەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك، ئاستا - ئاستا ئارقىغا ياندى.

مەن ئىتنى دەرھال چاقىرىۋالدىم - دە، ئۇنى ئېلىپ يولۇمغا ماڭدىم.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدىغان جۈملىلەرنى تېپىڭلار، ئاندىن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار.

1) قۇشقاچ بالىسىنىڭ تېخى ئۇچۇرما بولمىغانلىقى ۋە ئۆۋىسىدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى قايسى تەرەپلەردىن بىلگىلى بولىدۇ؟

2) چوڭ قۇشقاچ قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق بالىسىنى قوغدىدى؟

3) ئۆۋچى ئىت نېمىشقا ئاستا - ئاستا ئارقىغا ياندى؟



2. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى كۆچۈرۈپ يېزىڭلار، ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) بىر قۇشقاچ بالىسى نېمە قىلىشىنى بىلمەي، قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ تۇراتتى.

2) تۇيۇقسىز بىر چوڭ قۇشقاچ خۇددى بىر تال تاش ئاسماندىن چۈشكەندەك دەرەخ شېخىدىن ئىتنىڭ ئالدىغا ئۇچۇپ چۈشتى.

3) جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ئۇنىڭ كىچىككىنە تېنى لاغىلداپ تىترەپ، ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، ئۇ شۇ ھالەتتە بىر مەيدان ئېلىشىشقا تەييارلاندى.

3. تېكىستنى ھېسسىيات بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

## 16· تىيىن

تىيىن بىر خىل چىرايلىق كىچىك هايۋان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوماقلىقىنا يۈزىدە بىر جۈپ كۆزى چاقناپ تۇرىدۇ. بەدىنىدىكى ئاقۇچ قوڭۇر تۈكلىرى خۇددى مايلاپ قويغاندەك پارقىراپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ يۇمشاق تۈكلۈك يوغان قۇيرۇقى هامان ئۈستىگە دىڭگىيىپ، ئۇنى بەكمۇ چىرايلىق كۆرسىتىدۇ.

تىيىن ئىنتايىن زېرەك بولۇپ، دەرەخنىڭ شاخلىرىدا سەكرەپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئەگەر بىرەر كىشى دەرەخنى مىدىرلىتىپ قويسا، ئۇلار شاخلارنىڭ ئارىسىغا مۆكۈنۈۋالىدۇ ياكى دىك - دىك سەكرەپ باشقا دەرەخكە چىقىۋالىدۇ. يازنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرىدە، تىيىنلار دەرەخ ئۈستىدە خۇشاللىقتا چۆمگەن هالدا چۇرقىرىشىپ، بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايدۇ. ئۇلار كۈنىنىڭ



كۈچلۈك نۇرىدىن قورقىدىغاندەك، كۈندۈزلىرى هەمىشە ئۇۋۇسىغا مۆكۈنۈپ، سەگىدەپ ئارام ئالىدۇ: شامال چىقىپ دەرەخ شاخلىرىنى قالايمىقان ئىرغاڭلاتقاندىلا، يەرگە چۈشۈشىدۇ، لېكىن ئادەملەرنىڭ تۇرار جايلىرىغا زادىلا يېقىنلاشمايدۇ.



تىيىن ئېگىز قېرى دەرەخلەردە ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ ئۇۋۇسىنى دەرەخلەرنىڭ ئاچىسىغا سالىدۇ. ئۇلار ئۇۋا سالغاندا، ئالدى بىلەن ئۇششاق دەرەخ شاخلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قويۇپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر ئاز قۇرۇق مۇخ يېيىتىپ، مۇخلارنى دەسسەپ چىڭداپ تۈزلەيدۇ. ئۇۋۇسىنى سىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ

ھەممە يېرىنى ھەم قىلىپ يېيىپ چىقىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئۇ شامال ۋە يامغۇر - يېشىنلاردىن قورقمايدۇ. بالا - چاقىلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىڭ ئىچىدە ئىسسىق ھەم خاتىرجەم ياشايدۇ.

تىيىن بىرەر نەرسە يېگەندە، كۆپىنچە، دەرەخ شاخلىرىدا ئۆرە ئولتۇرۇپ، نەرسەلەرنى ئالدىنقى پۇتلىرى بىلەن تۇتۇپ، ئاغزىغا سالىدۇ. ئۇلار كۆپىنچە، قارىغاي ئۇرۇقى، ئورمان ياڭىقى، چوشقا ياڭىقى، بەزىدە قۇش تۇخۇمىمۇ يەيدۇ. كۈز كۈنلەرى تىيىنلار قىشلىق ئوزۇقىنى يىغىپ، بۇ ئوزۇقلارنى قېرى دەرەخلەرنىڭ كاۋاكلىرىغا قاچىلىۋالىدۇ. قىش كۈنلىرىمۇ ئۇلار بەزىدە قېلىن قار دۆۋىلىرىنى تاتىلاپ ئېچىپ، قار-نىڭ ئاستىدىكى ئوزۇقلارنى تاپىدۇ.

تىيىننىڭ گۆشىنى يېيىشكە، قۇيرۇقىدىكى يۇڭىدىن موي قەلەم ياساشقا، تېرىسىدىن كىيىم تىكىشكە بولىدۇ.



كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئىچىڭلاردا ئوقۇڭلار ۋە تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە تېكىستنى ئابزاسلارغا ئايرىپ، ھەربىر ئابزاسنىڭ مەزمۇنىنى سۆزلەپ بېرىڭلار.

1) تىيىننى نېمە ئۈچۈن چىرايلىق كىچىك ھايۋان دەيمىز؟

2) تىيىن دەرەخ ئۈستىدە قانداق ياشايدۇ؟

3) تىيىن قانداق ئۇۋا سالىدۇ؟

4) تىيىن يېمەكلىكلەرنى قانداق يەيدۇ؟

5) تىيىندىن قانداق پايدىلىنىشقا بولىدۇ؟

2. تېكىستتە تىيىننىڭ كۆرۈنۈشى، ياشاش ئادىتى ۋە ئىشلىتىلىدىغان ئورنى تەپسىلىي يېزىلغان. ئاپتورنىڭ تىيىننىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى قانداق يازغانلىقىنى ئوب-دان ئىگىلىۋېلىڭلار.

3. تېكىستنىڭ 1 - ئابزاسىنى يادىلىما قىلىپ يېزىڭلار.

# 17*. خوراز بىلەن بۆرە

بىر بۆرە قاشا ئۈستىدە ئولتۇرغان خورازنى كۆرۈپ، ئۇنى ئالداپ يېمەكچى بوپتۇ - دە، ئاستا قاشانىڭ يېنىغا كەپتۇ.

— ھەي خوراز، مەن ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلدىم، — دەپتۇ بۆرە، — يېقىندا، ھايۋانلار بىلەن قۇشلار ئارىسىدا بىر - بىرىگە قارا نىيەتتە بولماسلىق، بىر - بىرىنى بوزەك قىلماسلىق، بىر - بىرى بىلەن ئىناق ئۆتۈش توغرىلىق توختام تۈزۈلدى. ئەمدى بىزدىن قورقمىساڭمۇ بولىدۇ، يەرگە چۈش، دوست بولۇپ بىللە ئوينايمىز!

خوراز بۆرىدىن ھېچقاچان ۋاپا كەلمەيدىغانلىقىنى ياخشى بىلسىمۇ، لېكىن يەنىلا چاندۇرماي:

— بۆرە دوستۇم، سۆزۈڭنىڭ راستلىقىغا ئىشىنىمەن، لېكىن ئازراق تەخىر قىلىپ



تۇرساڭ، سېنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئىت ئاغىنەم كېلىپ، ماڭا خەۋەر قىلماقچى ئىدى، ئۇلارمۇ ھازىرلا كېلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەنمۇ چۈشەي، ھەممىمىز بىللە ئوينايلى! — دەپتۇ.



بۆره خورازنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، ئىككى ئىت يېتىپ كەلسە ئۆزىنىڭ تۇگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ، قۇيرۇقىنى قىسقان پېتى قېچىپتۇ.

— هەي ئاغىنە، نېمىشقا قاچىسەن، — دەپ ۋارقىراپتۇ خوراز، — توختام تۈزۈلدى دەۋاتاتتىڭغۇ!

— كىم بىلىدۇ، خوراز ئاغىنە، ئۇ ئىككىسى توختامنى ئاڭلىمىغاندۇ، ياكى توختامنى ئالىدىغاچان بۇزغاندۇ، هەر هالدا پەخەسرەك بولاي، — دەپتۇ بۆره قېچىپ كېتىپ بېرىپ.

خوراز ئۇنىڭ كەينىدىن:

— ئالدامچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى تەكرار ئوقۇپ، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) بۆره خورازغا نېمە دېدى؟ ئۇنىڭ شۇنداق دېيىشىدىكى مەقسىتى نېمە؟

2) خوراز بۆرىگە نېمىدەپ جاۋاب بەردى؟



3) خورازنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ بۆره نېمە ئۈچۈن قېچىپ كەتتى؟

2. مەسەلنى ئۆز تىلىڭلار بويىچە هېكايە قىلىپ بېرىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

قارا نىيەتتە بولماسلىق، توختام تۈزۈش، ۋاپا كەلمەسلىك، تەخىر قىلىش، قۇيرۇقىنى قىسىش، پەخەسرەك بولۇش

4. تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.

## V ئاساسىي مەشق

1. ئۆزۈڭلارغا تونۇشلۇق بولغان بىرەر هايۋاننىڭ تەپسىلىي كۆزىتىڭلار ۋە ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى، ياشاش ئادىتى، ئىنسانلارغا كەلتۈرىدىغان پايدا - زىيىنىنى تەسۋىرلەپ قىسقا بىر پارچە يېزىڭلار.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

خىرىس قىلىش، يۇمران، قۇدرەتلىك، زېرەك، سەگەكلەش، ئەپچىل

3. بوش ئورۇنلارغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىڭلار.

بىلىملىك ( )، تاتلىق ( )، بەختلىك( )

ئېگىز ( )، گۈزەل ( )، ئەلاچى ( )

ئۈلگە: گۈزەل (شەهەر)

4. تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى ئوقۇڭلار ۋە تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا قويۇپ چىرايلىق كۆچۈرۈڭلار.

1. — موما، چۆچەك ئېيتىپ بېرىڭ؟
— ماقۇل بالام، ئېيتىپ بېرەي
2. — سەلىمە، قاراڭا قارلىغاچلار كەپتۇ
— ھە، قارلىغاچلار كەپتۇ - دە
3. — كىتابخانىدىن ئالغان كىتابىڭىز قىزىقمىكەن
— ئۇ كىتابتا ناھايىتى قىزىق ھېكايىلەر بار ئىكەن
— ماڭا ئوقۇپ تۇرۇشقا بېرەمسىز
— مەن ئوقۇپ بولۇپ سىزگە بېرەي ماقۇلمۇ
— ماقۇل

5. تۆۋەندىكى «چۈمۈلە بىلەن كەپتەر» دېگەن مەسەلنى ئوقۇڭلار. مەزمۇنىنى تۆۋەندىكى سوئاللار بويىچە ئېيتىپ بېرىڭلار.

1) چۈمۈلە نېمە قىلماقچى بولۇپ، نەگە باردى؟
2) ئۇ قانداق ئەھۋالغا ئۇچرىدى؟
3) چۈمۈلىنى كىم، قانداق قىلىپ قۇتۇلدۇردى؟
4) كەپتەر قانداق ھادىسىگە ئۇچرىدى؟
5) چۈمۈلە ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بەردى؟
6) تېكىستنىڭ مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ، «ياخشىلىققا ياخشىلىق»، «بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق» (ئۇنتۇلماس). دېگەن خەلق ماقاللىرىنىڭ مەزمۇنىنى چۈشەندۈرۈڭلار.



## چۈمۈلە بىلەن كەپتەر

چۈمۈلە سۇ ئىچمەكچى بولۇپ ئېرىقنىڭ لېۋىگە بارغان ئىكەن، سۇنىڭ دولقۇنى چۈمۈلىنى ئېقىتىپ كېتىپتۇ. بىر كەپتەر بۇنى كۆرۈپ، بىر تال يوپۇرماقنى سۇغا — چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىپتۇ. چۈمۈلە يوپۇرماققا يامىشىپ سۇدىن چىقىۋاپتۇ.

بىر كۈنى، كەپتەر ئوۋچىنىڭ تورىغا چۈشۈپ قاپتۇ. چۈمۈلە ئوۋچىنىڭ قولىنى شۇنداق قاتتىق چىقىۋاپتۇكى، ئوۋچى چىدىيالماي تورنى تاشلىۋېتىپتۇ. بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ كەپتەر توردىن ئۇچۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ماقال:

بىر ياخشىلىق ئۇنتۇلماس، بىر يامانلىق (ئۇنتۇلماس). ياخشىلىققا ياخشىلىق.

# 18. لېنىن بىلەن قاراۋۇل

ئۆكتەبىر ئىنقىلابى يېڭىلا غەلىبە قىلغان بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى قۇياش بۇلۇتلارنى يېرىپ، سىمولنىي سارىيىغا ئۆزىنىڭ ئالتۇن نۇرلىرىنى چاچتى.

خەلق كومىتېتى سىمولنىي سارىيىدا تەسىس قىلىندى. يېڭى جەڭچى روبانوپ سىمولنىيدا قاراۋۇللۇققا بەلگىلەندى.

— يولداش روبانوپ، بۈگۈن تۇنجى قېتىم قاراۋۇللۇقتا تۇرۇۋاتىسىز، بۇ يەرگە كېلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ئۇلارنىڭ يول خېتىنى تەكشۈرۈش. يولداش لېنىن بۈگۈن بۇ يەردە يىغىن ئاچىدۇ، بىرەر بۇزۇقنىڭ سوقۇنۇپ كىرىۋېلىشىغا ھەرگىز يول قويماڭ، — دېدى بەنجاڭ.

— خوپ يولداش بەنجاڭ، — دېدى روبانوپ ھەربىيچە سالام بېرىپ، — مەن



ئىنقىلاب نامىدىن ۋەدە بېرىمەنكى، يولداش لېنىن ئۈچۈن پوستتا چوقۇم ياخشى تۇرىمەن.

قۇياش نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەندە، سىمولنىيغا ئىش بېجىرگىلى كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپىيىپ كەتتى، بۇلارنىڭ ئىچىدە ئىشچى، دېھقان، ئەسكەر، ھەتتا ئوقۇغۇچىلارمۇ بار ئىدى. روبانوپ ئۇلارنىڭ يول خەتلىرىنى ئەستايىدىل تەكشۈردى.

خەلق كومىتېتىنىڭ رەئىسى يولداش لېنىن كەلدى. ئۇ بىر نەرسىلەرنى ئويلاپ كېلىۋاتاتتى.

— يولداش، سىزنىڭ يول خېتىڭىز؟ — روبانوپ لېنىننىڭ ئالدىنى توستى.

— ھە، توغرا، يول خەت. مەن سىزگە كۆرسىتەي، — دەپ لېنىن دەرھال يول خېتىنى يېنىدىن ئېلىپ كۆرسەتتى.

بۇ چاغدا يىغىنغا كەلگەن بىر كىشى قاراۋۇلنىڭ لېنىننى توسۇپ يول خېتىنى تەكشۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدا:

— بۇ يولداش لېنىنغۇ! يول بېرىڭ! — دەپ ۋارقىراپ كەتتى.

— كەچۈرۈڭ، — دېدى روبانوپ ئەستايىدىللىق بىلەن، — مەن لېنىننى كۆرمىگەن، يولخېتى بولمىسا ھەرقانداق ئادەمنى كىرگۈزمەيمەن.



لېنىن يولخېتىنى روبانوپقا بەردى. يولخېتىگە قارىسا، دەرۋەقە لېنىن ئىكەن. ئۇ ئىنتايىن ئوڭايسىزلىنىپ، ھەربىيچە سالام بېرىپ:

— يولداش لېنىن، كەچۈرۈڭ، سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئېلىپ قويدۇم، — دېدى.

لېنىن بۇ ياش جەڭچىنىڭ قولىنى چىڭ سىقىپ، خۇشال ھالدا:

— يىگىت، ناھايىتى توغرا قىلدىڭىز، مۇشۇنداق ئەستايىدىل خىزمەت قىلىش كېرەك، رەھمەت سىزگە! — دېدى.



ئۇ يەنە بۇرۇلۇپ يېنىدا تۇرغان ھېلىقى يولداشقا:

— سىز ئۇنى ئەيىبلىمەڭ، بىز مۇشۇنداق ئەستايىدىل خىزمەت ئىشلەيدىغان ياخشى جەڭچىلەرگە مۇھتاجمىز، ئىنقىلابىي ئىنتىزامغا ھەممە ئادەم رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك، مەنمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، — دېدى.

**كۆنۈكمە:**

1. روبانوپ لېنىننىڭ يولخېتىنى تەكشۈرگەن ۋاقىتتا، لېنىن بىلەن يېنىدىكى ھېلىقى يولداشنىڭ پوزىتسىيىسىدە قانداق ئوخشىماسلىق بولدى؟ لېنىن نېمە ئۈچۈن بۇ ياش، يېڭى جەڭچىنى ماختىدى؟
2. تېكىستنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئابزاسىدىكى لېنىننىڭ سۆزىنى يادلىۋېلىپ يېزىڭلار.
3. تېكىستنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار.
4. تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇڭلار.

1) قۇياش ( )، سىمۇلنىي سارىيىغا ئۆزىنىڭ ( ) چاچاتتى.

2) مەن ( ) ۋەدە بېرىمەنكى، ( ) پوستتا ياخشى تۇرىمەن.

3) قۇياش (      ) كۆتۈرۈلگەندە، سىمۇلنىيغا ئىش بىجىرگىلى كەلگەنلەر (      ) كۆپىيىپ كەتتى.

4) روبانوپ لېنىنىنىڭ يولىخىتىگە قارىسا، (      ) لېنىن ئىكەن.

5) يىگىت، ناھايىتى توغرا قىلدىڭىز، مۇشۇنداق (      ) خىزمەت قىلىش كېرەك.



## 19. ھۆرمەت

سىم تاناب تۈۋرۈكلىرىدىكى چىراغلار كوچىغا سېخىيلىك بىلەن نۇر چېچىپ تۇراتتى. پارتكوم شۇجىسى بارات ئاكا ئوغلى دىلشاتنىڭ: «دادا، مېنى بۈگۈنكى سىرك ئويۇنىغا جەزمەن ئاپارغىن» دېگىنىگە ماقۇل بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تىياتىرخانىغا كېتىۋاتاتتى. بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بارات ئاكا كوچىنىڭ پىيادىلەر يولىدا ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان 60 ياشلاردىكى بىر كىشىنى كۆردى - دە، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا باردى ۋە دەسلەپ ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئۇنىڭغا ئەدەب بىلەن سالام بەردى؛ ئاندىن ئىككى قولىنى ئۇزىتىپ ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ قىسىپ، ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈردى. «ئەستاغپۇرۇللا، بابا ئۆيدىن چىقىۋاتساق، قېرىشقاندەك كاتىپ كىرىپ دادام بىلەن سۆزلىشىپ، ئۇن نەچچە

مىنۇت كېچىكتۈردى. ئەمدى بۇ ئادەم ئۈچ-
راپ، ۋاقىتنى ئېلىۋاتىدۇ. ئويۇنغا كېچىكى-
دىغان بولدۇق – تە، ھەي ...» دىلشات شۇ-
نى ئويلاپ، «چاپسانراق ماڭساقچۇ» دېگەن
قىياپەتتە دادىسىغا قارىدى. بارات ئاكا بول-
سا، چوڭ بىر سومكىنى تۇتۇپ تۇرغان ئۇ
كىشى بىلەن قىزغىن ۋە سەمىمىي پاراڭلى-
شىشقا باشلىغانىدى. «شۇنچە ئالدىراش كېتى-
ۋاتقاندا سالام بەرگۈدەك كىم بولغىيتتى بۇ
قېرى؟» دىلشات ئۆز – ئۆزىگە پىچىرلىغان
ھالدا، دادىسى سەمىمىي ئىززەت – ھۆرمەت
كۆرسىتىۋاتقان كىشىگە قارىدى. سۇر رەڭ
دىكادىن چاپان ۋە شىم كىيگەن، چاچلىرى
كۈمۈشتەك ئاقارغان بۇ كىشىگە بېشىدىكى
بادام دوپپىسى ناھايىتى يارىشىپ تۇراتتى.
شۇنچە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە دادىسىنىڭ
ئاشۇ بىر ئاددىي ئادەمنىڭ ئالدىدا خۇددى
ئوقۇغۇچى ئۆز ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئالدىدا
تۇرغاندەك ھۆرمەت – ئېھتىرام بىلدۈرۈپ،
كىچىك پېئىللىق بىلەن تۇرۇشى دىلشاتنى
ھەيران قالدۇرغانىدى. چۈنكى، دىلشات بۇ
چاغقىچە، دادىسىنىڭ بىر كىمگە تەربىيە بې-



رىۋاتقان، يەنە بىرىگە نېمىنىدۇ سۆزلەپ
چۈشەندۈرۈۋاتقان، كىملەرگىدۇ بىرەر خىز-
مەتنى تاپشۇرۇپ، ياخشى ئىشلەشنى تەلەپ
قىلىۋاتقان، كىشىلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئىززەت-
ھۆرمەت بىلەن تۇرغانلىقىنىلا كۆرگەنىدى.

— دادا، سائەت قانچە بولدى؟ — تا-
قەتسىزلىنىپ سورىدى دىلشات.

— يەتتىدىن 33 مىنۇت ئۆتتى، — دەپ
جاۋاب بەردى دادىسى.

— دىلشات «ئەستاغپۇرۇللا، سېرك
باشلانغىلى ئۈچ مىنۇت بوپتۇ – دە، نەدىنمۇ
كەلدى بۇ قېرى، بىزنىڭ ۋاقتىمىزنى ئې-
لىپ ...» دەپ ئويلىدى ئىچىدە.

ئۇ يەنە مۇنداق ئويلىدى: «بىز شۇنچە
ئالدىراش كېتىۋاتساقمۇ، دادامنىڭ ئۇنى
كۆرۈپلا توختاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ
ئۇنى ئىززەت – ھۆرمەت قىلىشىغا قارىغاندا،
ئۇ دادامنىڭ ئىلگىرىكى باشلىقىمىكىن؟ بىراق
قولىدىكى سەپەر سومكىسىدىن قارىغاندا،
يىراقتىن كەلگەندەك تۇرىدۇ. باشلىق بول-
سا، سەپەر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پىيادە
ماڭماستىغۇ؟ ئۇ چوقۇم دادامغا چوڭ ياخشى-

لىق قىلغان ئادەم ئوخشايدۇ.»

ئۆسكىلەڭ قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇرىدىغان بۇ ئىللىق چىراي كىشى:

— نەگە ماڭغانىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

— تىياتىرخانىغا، ئويۇنغا، — دەپ جاۋاب بەردى بارات ئاكا ۋە ئۇنىڭدىن سورىدى، — ئۆزلىرىچۇ؟

— مائارىپ يىغىنىغا قاتناشقىلى كېلىۋىدىم، مېھمانخانىغا كېتىۋاتىمەن.

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ مېھمانخانىغا بىللە بارايلى.

— ئويۇنغا كېچىكىپ قالارسىلەرمىكىن؟

— كېچىكسەكمۇ ھېچنىسى يوق.

ئاخىرى بارات ئاكا ئۇ كىشى بىلەن كۆپرەك مۇڭدىشىۋېلىش، ئۇنى ئۆزى بىۋاسىتە ياتاققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ئوغلى بىلەن ئارقىسىغا قايتتى ۋە ئۇ كىشىنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ سومكىسىنى كۆتۈرۈۋالدى - دە، ئۈچەيلەن مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى.

«ئۇزاقتىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن قىزىق ئويۇننى كۆرەلمەيدىغان بولدۇق - تە، مۇ-



نۇ قېرى ئۇچرىمىغان بولسا، ھازىر ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ، سېرك كۆرۈۋاتقان بولاتتۇق!» دىلشات شۇنى ئويلاپ، دادىسىنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان ناتونۇش كىشىگە قىيىدىغان ھالدا قارىدى. ئۇ كىشى بولسا مۇلايىملىق بىلەن:

— بۇ بالا سىزگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن، ئىسمى كىم، نەچچىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ؟ — دەپ سورىدى بارات ئاكىدىن.

— ئىسمى دىلشات، ئون ياشقا كىردى، تۆتىنچى سىنىپتا ئوقۇيدۇ.

ھېلىقى كىشى دىلشات تونۇمايدىغان بىر نەچچە ئادەمنىڭ خىزمىتى نەدە ئىكەنلىكىنى سورىدى. بارات ئاكا ھەممىسىگە سەممىيلىك بىلەن تەپسىلىي جاۋاب بەردى.

ئۇلار بىر ئېگىز بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىشتى.

بارات ئاكا ھېلىقى كىشىنى مېھمانخانىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن:

— بابا ئېيتقاندەك، ئەتە كەچقۇرۇن سائەت ئالتىدە بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت قىلى-

لا، مەن سىلىنى ئۆيدە كۈتۈپ تۇرىمەن، —
دېدى قايتىپ چىقىۋېتىپ قىزغىنلىق بىلەن.
— بولىدۇ، شۇنداق بولسۇن، — دېدى
ھېلىقى كىشى.
ئاتا - بالا تىياتىرخانىغا كىرىۋېتىپ
پاراڭلىشىپ ماڭدى.
دىلشات ئويۇنغا كېچىكىپ قالغىنىغا ئۆ-
كۈنۈپ، ئەلەم بىلەن سورىدى:
— دادا، ھېلىقى ئادەم كىم ئۇ؟
— ئۇ مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىل بۇ-
رۇنقى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان چېغىم-
دىكى ئۇستازىم، — دېدى بارات ئاكا پە-
خىرلەنگەن ھالدا.
— سىزنىڭمۇ مۇئەللىمىڭىز بارمۇ
تېخى؟ — قىزىقىپ سورىدى دىلشات.
بارات ئاكا ئوغلىغا قاراپ قىزغىنلىق
بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ مۇئەللىمىم بار.
سەن تېخى بىلمىسەڭ كېرەك، كادىر، ئىنژې-
نېر، شائىر، ئالىملارنىمۇ كىچىكىدە مۇئەل-
لىملەر تەربىيىلىگەن. ئاشۇ ئىشچان باغۋەن-
لەر يۈرەك قېنىنى، كۆزىنىڭ نۇرىنى سەرپ



قىلىپ، ھارماي - تالماي بىلىم بەرگەچكە،
بىز مانا ھازىر خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىل-
غۇدەك سەۋىيىگە ئىگە بولدۇق. ئوقۇتقۇچى-
لارنىڭ خىزمىتى ئىنتايىن جاپالىق ۋە شە-
رەپلىك، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ھەقىقە-
تەن ئوقۇتقۇچىلارنى جەمئىيەتنىڭ ئۇستازى
دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ئوقۇتقۇچىلارنى
پۈتكۈل جەمئىيەت قەدىرلىشى، ھەممە كىشى
ھۆرمەتلىشى لازىم. مانا قارا، ھېلىقى كىشى-
نى بىز تۇرسۇن مۇئەللىم دەيدىغان، تۇر-
سۇن مۇئەللىم 30 يىلدىن بۇيان پارتىيىگە
سادىق بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ياش - ئۆسمۈر-
لەرنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈردى. ھازىر ئۇ
ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا جاپاغا
چىداپ، ئىجتىھات بىلەن ئۆگىنىپ، زور
غەيرەت بىلەن ئىشلەپ، تۆتنى زامانىۋىلاش-
تۇرۇشقا كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشۇۋاتىدۇ.
بىز ئۇنىڭ مۇنداق ئېسىل خىسلىتىدىن ئۆ-
گىنىشىمىز كېرەك.
دىلشات بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، ھېلىلا
دادىسى تۇرسۇن مۇئەللىم بىلەن سۆزلىشىۋات-
قاندا «ئاشۇ قېرى بىزنى ئويۇنغا كېچىكتۈردى»

دەپ نارازى بولغىنىغا خىجالەت بولۇپ، يۈزى قىزاردى. شۇ ھامان ئۆزىنىڭ سىنىپتا بىر قىز ساۋاقدىشىنىڭ تەپكۈچىنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى يىغلاتقانلىقى، بىر ئوغۇل ساۋاقدىشىنىڭ رەسىملىك كىتابىنى كۆرىمەن دەپ يىرتىۋەتكەنلىكى، مۇئەللىمى تەربىيە بەرسە ئاڭلىماي، ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىقىنى يادىغا ئالدى. دىلشات ئۆز - ئۆزىگە: «دادام كىچىك ۋاقتىدىكى مۇئەللىمىنى شۇنچە چوڭ بىلىپ ھۆرمەتلىگەن يەردە، مەن ئوقۇتقۇچىلىرىمنى جەزمەن چىن دىلىمدىن ھۆرمەتلىشىم، ئۇلارنىڭ سۆزىنى جەزمەن ئاڭلىشىم كېرەك ئىكەن» دەپ پىچىرلىدى.

— مانا، تىياتىرخانىغىمۇ كېلىپ قالدۇق، — دېدى بارات ئاكا.

ئاتا - بالا ئىككىسى خۇشال ھالدا تىياتىرخانىغا كىرىپ كېتىشتى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار ھەمدە تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) دىلشات دادىسى بىلەن نەگە ماڭغانىدى؟ ئۇلار



يولدا كىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى؟

2) بارات شۇجى ھېلىقى كىشىگە قانداق مۇئامىلىدە بولدى ۋە نېمە ئىشلارنى قىلدى؟ دىلشات دەسلەپتە قانداق ھېسسىياتقا كەلدى ۋە نېمىلەرنى ئويلىدى؟

3) بارات شۇجى ئوغلىغا ھېلىقى كىشىنى تونۇشتۇرۇپ نېمىلەرنى دېدى؟ دىلشات دادىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قانداق ھېسسىياتقا كەلدى ۋە نېمىلەرنى ئويلىدى؟

2. تېكىستنى ۋەقەلىك تەرتىپىگە ئاساسەن ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە قايتا بايان قىلىپ بېرىڭلار.

3. «ئەلۋەتتە، مېنىڭمۇ مۇئەللىمىم بار...» دېگەن يەردىن «... بىز ئۇنىڭ مۇنداق ئېسىل خىسلىتىدىن ئۆگىنىشىمىز كېرەك» دېگەن يەرگىچە يادئىملا قىلىپ يېزىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەرنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

ئەدەب، ھۆرمەت بىلدۈرۈش، سەممىي، ئېھتىرام، كىچىك پېئىل، ئىللىق چىراي، تەپسىلىي، ئۆكۈنۈش، ئۇستاز، تۆھپە قوشۇش، ئېسىل خىسلەت

## 20*. ئەسسالام

«ئەسسالام» دېدى، يولدا ئۇماق قىز،
مۇلايىمغىنا ئېگىلدى بېشى.
ئون ئىككىلەردىن ئەمەستۇر ئارتۇق،
سورىساڭ ئەگەر، قىزچاقنىڭ يېشى.
گويا گۈلزاردىن ئۆتكەندە سابا،
گۈل - غۇنچىلارنىڭ بېشىنى ئېگىپ،
ھەر كۈنى يولدا شۇ بولار تەكرار:
بېرىدۇ سالام ئۇچراشساق كېلىپ.
ئۇچرىدى يولدا بۈگۈنمۇ يەنە،
قارىدىم ئاڭا مەستلىكىم كېلىپ.
دېدىم: «ئاتا ھەم ئاناڭغا رەھمەت،
سېنى ئەدەبلىك ئۆستۈرگەن بېقىپ.»

**كۆنۈكمە:**

1. شېئىرنى ئۆنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشق قىلىڭلار.
2. «مەن» نىڭ نېمە ئۈچۈن قىزغا مەستلىكى كېلىدۇ؟



ھەمدە ئۇ نېمە ئۈچۈن قىزنىڭ ئاتا - ئانىسىغا رەھمەت ئېيتىدۇ؟

3. شېئىرنىڭ 2 - كۇپلېتىدىكى «گويا گۈلزاردىن ئۆتكەندە سابا، گۈل - غۇنچىلارنىڭ بېشىنى ئېگىپ» دېگەن مىسرالارنىڭ شېئىر مەزمۇنىنى ئىپادىلەشتىكى رولى قانداق؟
4. تۆۋەندىكى سۆزلەردىن پايدىلىنىپ، باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش، سالام بېرىشنى مەزمۇن قىلغان جۈملەلەرنى تۈزۈڭلار.

ئەسسالام، ھۆرمەت بىلەن، ئەدەب بىلەن، بېشىنى ئېگىپ

5. شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار.

# 21. سىلىق سۆز

I

چېچىغا ئاق كىرگەن، ئۇزۇن ساقاللىق، مۈكچىيىپ قالغان بىر بوۋاي ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى.

— نېرىراق ئولتۇرۇڭا، — بىر بالا توڭلۇق بىلەن شۇ گەپنى قىلدى -دە، ئورۇندۇقنىڭ چېتىگە كېلىپ ئولتۇردى. بوۋاي بىر چەتكىرەك سۈرۈلۈپ، بالىغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى. بوۋاي بالىنىڭ پوكاندەك بولۇپ، قىزىرىپ كەتكەن چىرايىنى كۆرۈپ:

— بىرەرسىدىن خاپا بولغانغا ئوخشايسەن -ھە؟ — دېدى.

— ھە، نېمە بوپتۇ؟ — ۋەلى بوۋايغا يەنە توڭلۇق بىلەن جاۋاب بەردى.

— ماڭغۇ ھېچنېمە بولغىنى يوق، لېكىن



سەن بىرسى بىلەن ئۇرۇشقان ئوخشايسەنغۇ؟ — دېدى بوۋاي.

بالا بوۋايغا بىر ئالىيىپ قارىدى -دە، ۋارقىراپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى:

— مېنىڭ بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، قېچىپ كېتىمەن.

— قاچامسەن؟

— قاچىمەن! پەقەت ئاشۇ مەريەمنىڭ دەستىدىن قاچىمەن. مەن ئۇنى تازا كېلىشتۇرۇپ «ئۇچۇغداپ» قوياي دېۋىدىم، بولمىدى. شۇنچە بوياقلىرى تۇرۇپ، بىرسىنىمۇ بېرەي دېمەيدۇ.

— بەرمەمدۇ؟ بەرمىسە بەرمىسۇن، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆيدىن قېچىپ كېتىش ياخشى ئەمەس.

— پەقەت ئۇنىڭ ئۈچۈنلا ئەمەس، مومام بولسا بىر تال سەۋزە ئالغىنىم ئۈچۈن قولىغا كۆسەي ئېلىپ، ئاشخانىدىن قوغلاپ چىقتى.

ۋەلى بۇ خاپىلىقلارنى ئېيتىپ ئولتۇرۇپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، كۆزىگە لىققىدە ياش ئالدى.

— خاپا بولما، — دېدى بوۋاي، — بىرى تىللىسا، ئىككىنچىسى ئەركىلىتىدۇ، بەزلەيدۇ.

— ھېچكىم ماڭا رەھىم قىلمايدۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى ۋەلى، — ئاكام دەرياغا قولۋاقتا ئوينىغىلى كېتىپ بارغان چاغدا، مەنمۇ بارايمۇ دېسەم، ئۇنىماي ۋارقىراپ قوغلىۋەتتى.

مەن ئۇنىڭغا: «ياخشىلىقچە مېنىمۇ ئاپارغىن، بولمىسا بەربىر ئارقاڭدىن قالمايمەن، پالاقلىرىڭنى ئېلىپ قاچىمەن، قولۋاقىقا ئۆزۈم چۈشىۋالىمەن»، — دېسەممۇ قۇلاق سالمىدى.

ۋەلى تېرىكىپ ئورۇندۇقنى مۇشتى بىلەن بىرنى ئۇرۇپ جىم بولدى.

— شۇنداق قىلىپ، ئاكاڭ سېنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرمەيدىكەن - دە؟

— ئەجەب مېنىڭدىن كوچىلاپ سوراپ كەتتىڭىزغۇ؟

بوۋاي ئۇزۇن ساقاللىرىنى سىلاپ قويدى.

— مەن ساڭا ياردەم بەرمەكچىمەن. «سىلىق سۆز تاشنى يارار» دېگەن ماقال بار.





ۋەلى ئاغزىنى ئېچىپ، ھەيران بولۇپ قالدى.

بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ مۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي، زادىلا يادىڭدىن چىقارما، ھەر دائىم ئېسىڭدە تۇت. گەپ قىلىۋاتقان ئادەمنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن ئاستاغىنا سۆزلە. بۇنى ئۇنتۇما جۇمۇ!

ۋەلى بوۋاينىڭ سۆزىنى چۈشەنمىگەندەك ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالدى. بوۋاي ئاستا ئېڭىشىپ، بالىنىڭ قۇ-

لىقىغا يەنە نىمىلەرنىدۇ پىچىرلىدى. كېيىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، مۇنداق دېدى:
— سىلىق سۆزنى قانداق ئېيتىشنى ئۇنتۇپ قالما!
بالا ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كەتتى.

II

ۋەلى ئۆيىگە كىرىپ رەسىم سىزىۋاتقان ھەدىسىنى كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىدا يېشىل، كۆك، قىزىل ... بوياقلار تۇراتتى. ئۇ ۋەلىنى كۆرۈپ، بوياقلارنى دەررۇ بىر يەرگە يىغدى - دە، ئالقىنى بىلەن بېسىۋالدى.
— بوۋاي مېنى ئالدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئويلىدى ۋەلى، — مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاشلارغا سىلىق سۆز ئۆتەرمىدى؟
ۋەلى ئاستا ھەدىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، يېڭىدىن تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى، ھەدىسى ئۇنىڭغا قارىدى. شۇ چاغدا ۋەلى ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ:
— جېنىم ھەدە، بويىقىڭدىن ماڭا بىر تال بەرگىنا؟ — دېدى. دېگەندەكلا مەرىيەم-



نىڭ رەھمى كەلدى. سىلىق سۆز ئۇنى ئېرىتتى. ئۇ كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ، سۆزلىگىلى باشلىدى:
— ۋەلى ساڭا قانداق بوياق كېرەك؟
— ماڭا يېشىل كېرەك، — دېدى ۋەلى.
ئۇ بوياقنى قولىغا ئالدى. ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ، ھەدىسىگە ياندۇرۇپ بەردى. ئۇنىڭغا بوياق كېرەك ئەمەس ئىدى، ئۇ سىلىق سۆز توغرىلىق ئويلىدى.

III

«مومامنىڭ يېنىغا كىرسەم قانداق بولاركىن، ئۇ ئىش قىلىۋاتقان چاغدا تۇيۇقسىزلا كىرگەن كىشىنى يامان كۆرىدىغان.»
ۋەلى ئاشخانىغا كىردى. مومىسى قازاندىن ئىسسىق سامبۇسىلارنى ئېلىۋاتقان ئىكەن. ئىككى قولى بىلەن مومىسىنىڭ مەڭزىنى تۇتۇپ، ئۆزىگە قاراتتى - دە، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مۇلايىملىق بىلەن:

— سادىغاڭ كېتەي موما، جېنىم موما، بىر تال سامبۇسا بېرىڭا! — دېدى.

موماي ئېرىپ قالدى. سىلىق سۆزنىڭ تەسىرى مومايىنىڭ چىرايىدا ئىپادىلەندى.

— قىزىرىپ پىشقان ئىسسىق سامبۇسا يېگۈڭ كېلىپ قالدىمۇ قوزام! — دېدى موماي. ئۇ قىزىرىپ پىشقان سامبۇسىدىن بىرنى ئېلىپ ۋەلىگە بەردى.

ۋەلى تازىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىپ، مومىسىنىڭ يۈزلىرىگە سۆيۈپ قويدى.

— سىلىق سۆز! سىلىق سۆز! — دەپ بوۋايىنى ئېسىگە ئالدى ۋە خۇشال بولۇپ سەكرەپ - سەكرەپ ئوينىدى.

تاماق ۋاقتىدا ئۆي ئىچىدىكىلەر تېپتىنچ ئولتۇرۇشتى. ۋەلىمۇ ئۈن چىقارماي ئولتۇردى. ئاكىسى قولۋاقتا خېلى يەرلەرنى كېزىپ كەلگەنلىكى توغرىلىق سۆز باشلىغاندا، ۋەلى ئاكىسىنىڭ بوينىدىن قۇچاقلاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ ئاستا ئۇنىڭ قۇلىقىغا:

— جېنىم ئاكا، مېنىمۇ ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ئاپىرامسىز؟ — دېدى.



تاماق يەپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى جىمجىت بولۇشۇپ قالدى. ئاكىسى ئۇنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىماقچى بولدى.

— ئۆزىڭىز بىلەن بىللە ۋەلىنىمۇ ئېلىپ كېتىڭ، ئۇنىڭ سىزگە ئېغىرچىلىقى چۈشمەيدۇ، — دېدى مەريەم.

— ئاپىرىدۇ، نېمىشقا ئاپارمايدۇ؟ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كېتىدۇ، — دەپ زوقلىنىپ كۈلۈپ قويدى موماي.

— جېنىم ئاكا، راستىنى ئېيتىڭا، ئاپىرامسىز؟ — دېدى ۋەلى.

ئاكىسى قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتى. ئىنىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ:

— قارا بۇ ساياھەتچىنى، بوپتۇ، بارساڭ بارغىن، بول چاپسان جابدۇن، — دېدى.

ۋەلى ئولتۇرغان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ كوچىغا چىقتى، لېكىن بوۋاي يوق، ئورۇندۇق بوش ئىدى، پەقەت قومنىڭ ئۈستىگە ھاسا بىلەن سىزىپ قويغان، چۈشىنىكسىز بەلگىلەرلا قالغان ئىدى.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئوقۇپ تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:

1) ۋەلى دەسلەپ بوۋاينىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانداق تۇتتى؟

2) ئۇ بوۋايغا نېمە ھەقتە شىكايەت قىلدى؟

3) بوۋاي بالىغا قانداق مەسلىھەت بەردى؟

4) ۋەلىگە ھەدىسى، ئاكىسى ۋە مومىسىنىڭ مۇئامىلىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزگەردى؟

2. تۆۋەندىكى ماقاللارنىڭ مەنىسىنى تېكىستنىڭ مەزمۇنى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

ئادەمنىڭ يۈزىگە باقما، سۆزىگە باق.
ياخشى سۆز بالدىن شېرىن.
ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن.
ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى يارار.

3. تۆۋەندىكى پارچىنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلىپ ئوقۇڭلار ھەمدە كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

بۇ يىل مەخمۇتجاننىڭ ئائىلىسىگە قەشقەردىن مومىسى كەلدى. مومايىنىڭ گەپ-



سۆزلىرى مەخمۇتجانغا ئاجايىپ تۇيۇلۇپ كەتتى. مومايىنىڭ ئاغزىدىن پەقەتلا «سەن» دېگەن سۆز چىقمايتتى.

مەخمۇتجان مومىسىنىڭ سۆزىگە پۈتۈن زېھنى بىلەن قىزىقىپ، ھەيرانلىق، ھېرىسمەنلىك تۇيغۇسى بىلەن دىققەت قىلىشقا باشلىدى: مومايىنىڭ زېھنى ئۆتكۈر، تىلى تاتلىق بولۇپ، ھەممەيلەننى «سىلى»، «ئۆزلىرى» دەپ سۆزلەيتتى.

ئۇنىڭ مومىسى سەھەردە مەخمۇتجاننى ئويغىتىپ:

— مەخمۇتجان، ئورۇنلىرىدىن تۇرسىلا، يۈز-كۆزلىرىنى يۇيۇۋالسىلا قوزام، تاماقلىرىنى يەۋالسىلا، — دەيتتى.

مومايىنىڭ ھەسەلدىن تاتلىق، قايماقتىن مەززىلىك سۆزلىرى مەخمۇتجاننىڭ يۇمران قەلبىگە ئورنىشىپ ئۇنىڭ سۆزىدىكى قوپاللىقى ئۆزگىرىشكە باشلىدى. «سەن» بىلەن «سىز، سىلى» نىڭ پەرقىنى چۈشىنىۋالدى.

ئۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلارنى «سىلى» دېسە، ساۋاقداشلىرىنى، بولۇپمۇ قىز ساۋاقداشلىرىنى «سىز» دېدى.

ئۇ مومىسىغا بىر پىيالە قىزىق چاينى ئۇزىتىپ:

— موما، چاي ئىچىۋالسىلا، — دېگىنىدە، موماي چاينى ئىككى قوللاپ ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ:

— تىلى تاتلىق بالام، — دەپ خۇشاللىقىدىن مەخمۇتجاننىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ كەتتى.



## △22. ئانا مېھرى

ئانا مېھرى يۈرەكتە،
ئۆچمەس گۈلخان ئەمەسمۇ.
شەپقىتىگە تەشەككۇر،
دىلدا داستان ئەمەسمۇ.

ئاق سۈت بېرىپ ئۆستۈرۈپ،
قوشتۇڭ مېنى قاتارغا.
ھاياتىمنى يار قىلدىڭ،
سولماس پەسلى باھارغا.

شۇڭقار بولۇپ ئۇچمەن،
قاناتلىنىپ پەن بىلەن.
ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن،
چوقۇم جانۇ - تەن بىلەن.

باھارىمنى ياشناتقان،
سەن قەدىردان ئەمەسمۇ.
ئەزىز ئانا سەن ئۈچۈن
جېنىم قۇربان ئەمەسمۇ.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇغۇلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. شەرت - شارائىت يار بەرسە، مۇزىكا ئوقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شېئىرنى ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىشنى ئۆگىنىۋېلىڭلار.

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

شەپقەت، تەشەككۈر، گۈلخان، مېھىر، دىل، داستان، سۇلماس، شۇڭقار

## VI ئاساسىي مەشق

1. تۆۋەندىكى پارچىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ چىقىڭلار ۋە بېرىلگەن سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار

1) ئوقۇتقۇچى نېمىلەرگە ئوخشىتىلغان؟ نېمە ئۈچۈن؟

2) پارچىدىكى شېئىرنى يادلىۋېلىڭلار. شېئىردا نېمە ئۈچۈن «ھەممىنىڭ كۆزىنى ئاچقان مۇئەللىم» دېيىلىدۇ؟

3) پارچىدىن سىزىق ئىشلىتىلگەن ئورۇننى تېپىپ دەپتىرىڭلارغا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

### ئوقۇتقۇچىلارغا سالام!

سالام سىلەرگە، قەدىرلىك ئۇستازلار! سىلەرگە چوڭقۇر ئېھتىرام بىلدۈرىمىز.



چۈنكى سىلەر باغۋەن، بىز گۈل - غۇنچە. سىلەر مىليونلىغان گۈل - غۇنچىلەرنى تەربىيىلەپ ئۆستۈرۈپ ۋە پەرۋىش قىلىپ، قەلبىڭلاردىكى بىلىم خەزىنىسى بىلەن ئۇلارنى قوراللاندۇرۇۋاتىسىلەر. ئۇلارغا ۋەتەن، خەلققە بەخت يارىتىش ئۈچۈن كۆرەش قىلىشنىڭ ئەڭ زور بەخت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈۋاتىسىلەر. شۇڭا پۈتۈن جەمئىيەت سىلەرگە ھۆرمەت بىلدۈرۈۋاتىدۇ. سىلەر — گويا قۇياش، ھەرقانداق ئادەم ئۆز قەلبىنى سىلەر بىلەن يورۇتالايدۇ؛ سىلەر — گويا باھار، ھەممە ئادەم سىلەردىن رازىمەنلىك ھېس قىلىپ ئۆز قەلبىنى ئىللىتالايدۇ؛ سىلەر — ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ باغۋىنى، سىلەر ئەجرە سىڭدۈرگەن كۆچەتلەر مېۋە بېرىۋاتىدۇ، ئۇلار تەبىئەت دۇنياسىنىلا ئەمەس، ئالەم بوشلۇقىنىمۇ بويسۇندۇرۇۋاتىدۇ. مانا بۇلار سىلەرنىڭ — ئوقۇتقۇچىلارنىڭ تۆھپىسى. سىلەرنىڭ شەنىڭلارغا شەھەر، يېزا - قىشلاقلاردىن مەدھىيە ناخشىسى ياڭرىماقتا:

داھىي، ئىنژېنېر، ئارتىس ۋە ئالىم،
ھەربىي، يازغۇچى، ئۇچقۇچى، خادىم —
ۋە ياكى، ئىسپورتچى، سېستىرا خانىم —
ھەممىنىڭ كۆزىنى ئاچقان مۇئەللىم.

قەدىرلىك ئوقۇتقۇچىلار، سىلەر ئەڭ ئۇلۇغ ئەمگەكچىلەر، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر!

2. تۆۋەندە بېرىلگەن «دانىشمەنلەر نەسىھىتى» نى تەكرار ئوقۇپ، ئەدەب - ئەخلاق تەربىيىسىدىكى كۆز قارىشىڭلارنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈڭلار. ئۇنىڭ مەنىسىنى ئىگىلەپ، ئۆز ئەمەلىيىتىڭلاردا ئىشلىتىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق قىلىپ كۆچۈرۈۋېلىڭلار.

### دانىشمەنلەر نەسىھىتى

ئادەمگە يارىشىدىغان ئەڭ گۈزەل كىيىم ئەدەب - ئەخلاق كىيىمىدۇر. دۇنيادا ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ ياخشى نەرسە گۈزەل ئەخلاقلىق، مۇلايىم ھەمدە غەيرەت - شىجائەتلىك بولۇش ۋە شۇ گۈزەل خىسلەتلەر بىلەن نام چىقىرىشتۇر؛ ئەڭ يامان نەرسە ئەخلاقسىزلىق ۋە ھورۇنلۇق بىلەن ئەسكى نام چىقىرىشتۇر.



گۈزەل ئەدەب - ئەخلاق ئىنساننىڭ جىسمانىي ئەيىبلىرىنىمۇ ياپىدۇ. ياخشى پەزىلەت ئىلىم - بىلىم، ئەدەب - ئەخلاق بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئەدەبسىز كىشى ئاخىرى ئۆزىنى خارلايدۇ.

3. تۆۋەندە بېرىلگەن جۈملىلەردىكى كۆپ چېكىتلەرنىڭ ئورنىغا مۇۋاپىق سۆز يېزىڭلار.

1) ساۋاقداشلار... ياخشى ئىشلىدى.

2) پەرىدە خەتنى چىرايلىق يازىدۇ،... ئىملاسى توغرا ئەمەس.

3) دەم ئېلىش كۈنى مەن... بارىمەن.

4) ... بۈگۈن،... ئەتە شەھەرگە بارىمەن.

ئۈلگە: يا بۈگۈن، يا ئەتە شەھەرگە بارىمەن.

## 23. نەسىرىددىن ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى

بۇرۇنقى زاماندا، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا نەسىرىددىن ئەپەندى دېگەن بىر دانىشمەن كىشى ئۆتكەنىكەن. ئۇ كەمبەغەللەرگە بەك مېھرىبان ئىكەن، تاپقان پۇللىرىنى يوقسۇللارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىدىكەن. ئەمما قىزىلكۆز بايلارنى، ئالدامچى موللىلارنى، جازانىخور سودىگەرلەرنى ئەقىل - پاراسىتى بىلەن لەت قىلىپ، جازاسىنى بېرىپ تۇرىدىكەن. شۇڭا كەمبەغەللەر نەسىرىددىن ئەپەندىنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدىكەن.

### تەڭگە تېرىش

بىر كۈنى، نەسىرىددىن ئەپەندى تەرلەپ - پىشىپ بىر پارچە ئېتىزنى سۇغىرىۋاتسا، باي كېلىپ قاپتۇ.



— ھا... ھا...، سەن كەچكىچە ئېتىزنى چۆرگىلەيدىغان راسا بىر ئەخمەق ئىشەككەنسەن! — دەپتۇ باي مەسخىرە قىلىپ كۈلۈپ.

نەسىرىددىن ئەپەندىمۇ كۈلۈمسىرەپ يانچۇقىدىن ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگىنى چىقىرىپتۇ - دە، بايغا:

— تەقسىر، بۇ يىل قۇرغاقچىلىق بوپكەتتى، ئەتىيازدا بىر دانە كۈمۈش تەڭگە تېرىۋىدىم، ھازىر ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگە قېزىۋالدىم. ئەگەر قۇرغاقچىلىق بولمىغاندا ئون كۈمۈش تەڭگە ئالغان بولاتتىم. ھازىر بۇ ئىككى كۈمۈش تەڭگىنى تېرىۋاتىمەن. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن تۆت دانە كۈمۈش تەڭگىنى قېزىۋالىمەن، — دەپتۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندى شۇنداق دەپتۇ - دە، قولىدىكى ئىككى دانە كۈمۈش تەڭگىنى ئېتىزغا كۆمۈپ قويۇپتۇ.

نەسىرىددىن ئەپەندىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باينىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ - دە، ئۆيىدىكى بارلىق كۈمۈش تەڭگىلەرنى ئېتىزغا ئاپىرىپ كۆمۈپتۇ.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتۈپتۇ. بىر

كۆنى باي مەدىكارلىرىنى ھەيدەپ كېلىپ، ھېلىقى كۆمۈش تەڭگىلەرنى كۆمگەن يەرنى كولىتىپتۇ. لېكىن ھېچنېمە چىقماپتۇ. كۆمۈش تەڭگىلەرنىڭ ھەممىسىنى باشقا ئادەملەر كولاپ كەتكەنىكەن. شۇنىڭ بىلەن باي قاتتىق غەزەپلىنىپ نەسىرىدىن ئەپەندىنى ئىزدەپ كەپتۇ. نەسىرىدىن ئەپەندى ناھايىتى غەمكىن ھالدا:

— تەقسىر، مەنمۇ سىزنى ئىزدەپ باراي دەپ تۇراتتىم، ھېلىقى كۈنى ئېتىزلىقتا مېنى ئېشەك دەپ زاڭلىق قىلىۋىدىڭىز، مەن يەنە ئېشەك بولۇپقالماي دەپ ئېتىزنى سۇغارماي قويۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن كۆمۈش تەڭگىلەر قۇرۇپ تۆگەپ كېتىپتۇ. سىز ئەمدى مېنىڭ ھېلىقى ئىككى دانە كۆمۈش تەڭگەمنى تۆلەپ بېرىڭ، — دەپتۇ.

باي غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بوپتۇ - يۇ، گەپ قىلالماپتۇ.

## پەرىجەم يېسۇن

كۆنلەرنىڭ بىرىدە نەسىرىدىن ئەپەندىنىڭ مەھەللىسىدە توي بولۇپتىكەن، ئەپەندىم كونا



كىيىملىرى بىلەنلا تويغا كىرىپتۇ. لېكىن ھېچكىم ئەپەندىمگە ئېتىبار قىلماپتۇ، ئۆيگىمۇ باشلىماپتۇ. ئەپەندىم دەرھال ئۆيگە قايتىپ بېرىپ، مېھمانلىق يېڭى پەرىجىسىنى كىيىپ كەپتىكەن، ئۇنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئۆينىڭ تۆرىگە چىقىرىشىپتۇ.

ئاش كەلتۈرۈلگەندە، ئەپەندىم پەرىجىسىنىڭ يېڭىنى تاۋاققا تىقىپ:

— قېنى، ئاش ئال پەرىجەم! تويغۇچە يېگىن! — دېيىشكە باشلاپتۇ. ساھىبخان ھەيران بولۇپ:

— ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتىكەن.

— ئىززەت - ھۆرمەت پەرىجە ئۈچۈن بولسا، ئاشنىمۇ پەرىجەم يېسۇن! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم.

## ئادالەت تېشى

ئەپەندىم بىر بايغا ئايلىق تۇرۇپتىكەن، ئاي ئاخىرىسىدا باي يوقىلاڭ باھانە تېپىپ ھەققىنىڭ يېرىمىنى تۇتۇپ قاپتۇ. ئەپەندىم ئەرز قىلىش ئۈچۈن قازىخانىغا بېرىپتۇ.

بىراق قازى سالام - سوۋغا ئېلىپ كەلگەنلەرنىڭلا دەۋاسىنى سوراپ، ئەپەندىمگە نەزەرمۇ سالماپتۇ.

ئەتىسى ئەپەندىم بىر ياغلىققا تۆت - بەش تاشنى چىگىپ قازىخانىغا بېرىپتۇ، ئەپەندىمنىڭ قولىدىكى ئېغىر تۈگۈننى كۆرگەن قازى دەرھال ئەپەندىمنىڭ دەۋاسىنى سوراپ، بايىنى چاقىرتىپ كەپتۇ - دە، ئەپەندىمنىڭ ھەققىنى ئېلىپ بېرىپتۇ. دەۋا ئىشلىرى تۈگەپ ئەپەندىم يالغۇز قالغاندا، قازى ئەپەندىمگە قاراپ:

— ئەپەندىم، ياغلىقتىكى نېمە ئىدى، قېنى يېشىڭ! — دەپتۇ.

— بۇ ياغلىقتىكى نەپسىڭىزنى تاقىلداتقان نەرسە — ئادالەت تېشى ئىدى، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ئەگەر دەۋانى ئادىل سورىمىغان بولسىڭىز، ئادالەت تېشى بېشىڭىزغا تەگكەن بولاتتى.

كۆنۈكمە:

1. نەسرىدىن ئەپەندى كىم؟ ئۇ قانداق ئادەم ئىدى؟ ئۇنى كەمبەغەللەر نېمە ئۈچۈن ياخشى كۆرەتتى؟



2. يۇقىرىدىكى ئۈچ لەتىپىنى قايتا - قايتا ئوقۇپ، ئۇنىڭدىكى چوڭقۇر ئىدىيىۋى مەزمۇننى چۈشىنىۋېلىڭلار.

3. «بۇ ياغلىقتىكى نەپسىڭىزنى تاقىلداتقان نەرسە — ئادالەت تېشى ئىدى، ئەگەر دەۋانى ئادىل سورىمىغان بولسىڭىز، ئادالەت تېشى بېشىڭىزغا تەگكەن بولاتتى» دېگەن جۈملىنى ئۆز چۈشەنچەڭلەر بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.

4. لەتىپىلەرنى ئۆزلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.

5. نەسرىدىن ئەپەندىنىڭ يەنە قانداق لەتىپىلىرىنى بىلىسىلەر؟ سۆزلەپ بېرىڭلار.

## 24. سەلەي چاققان ۋە ئۇنىڭ لەتىپىلىرى

سەلەي چاققان تەخمىنەن 1816 - يىلى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىسىگە قاراشلىق ئوپالدا تۇغۇلۇپ، 1905 - يىلى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ ئاتىسى ھۈنەر - سەنئەتكە كامىل كىشى بولۇپ، خەلق ئارىسىدىكى داڭلىق ناخشىچى، قوشاقچى، شۇنداقلا ئۇستا راۋابچى ئىدى. سەلەي چاققان كىچىكىدىنلا ئاتىسىنىڭ تەربىيىسى ۋە تەسىرىدە ئۆسۈپ يېتىلىدۇ، تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرىغا چۆكۈپ، جەمئىيەت ئەھۋالى بىلەن پىششىق تونۇشىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆز لەتىپىلىرىدە جازانىخورلۇق، ئالدامچىلىق، كۆرەلمەسلىك، خۇراپاتلىقتا ئوخشاش قالاق ئىدىيىلەرنى مەسخىرە قىلىپ، كىشىلەرنى نادانلىق، ئەخمەقلىق ۋە قاراملىق ئۈستىدىن غالىب كېلىشكە، ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا، كەمتەر، ئېھتىياتچان ۋە سالماق بولۇشقا دالالەت قىلىدۇ.



### قىل

سەلەي چاققاننىڭ گەيجاڭ① ئاغىنىسى دائىم كىچىك ئىشلارنى بوغىنىتىپ، بىگۇناھ كىشىلەرنى ياموۇلغا چېقىپ تۇرىدىكەن. سەلەي چاققان ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن تولىمۇ نەپرەتلىنىدىكەن. بىر كۈنى گەيجاڭ سەلەي چاققاننى ئۆيىگە چاقىرىپ، غاز گۆشى بىلەن مېھمان قىپتۇ. سەلەي چاققان تەخسىدىكى بىر تال قىلنى كۆرۈپ، گۆشنى يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.

— نېمىشقا يېمەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ گەيجاڭ ھەيران بولۇپ.

— بۇرادەر، ماۋۇ نېمە؟ — دەپ ياندۇرۇپ سوراپتۇ سەلەي چاققان تەخسىنى كۆرسىتىپ.

گەيجاڭ كۆزەينەكىنى تاقاپ، تەخسىگە سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن:

— قىل، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— يا ھەزرەت، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك كۈلۈپ، — سىز دائىم قىلنى پىل دەيتتىڭىز، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىڭىز.

---

① كونا جەمئىيەتتىكى مەھەللە باشلىقى.

## دوزاخقا كىرەمدۇ ـ جەننەتكىمۇ

بىر كىشى سەلەي چاققاندىن:
— جازانىخورلار دوزاخقا كىرەمدۇ ـ جەننەتكىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.
سەلەي چاققان مۇنداق جاۋاب بېرىپتۇ:
— مېنىڭچە ئۇلار پايدىغا قارايدۇ، ئەگەر بىرەرسى «دوزاختا پايدا بار ئىكەن» دېسە، جەننەتكە قارىماي دوزاخقا چاپىدۇ.

### ئۇماچ

هاكىم بىر جۈمە كۈنى جامائەت بىلەن بىللە ناماز ئوقۇغاندىن كېيىن ۋەز ئېيتىپ:
— ئى ئەهلى جامائەت، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى تەڭ چېكىمەن، — دەپ ۋەدە قىپتۇ.
ئارىدىن بىر ئاي ئۆتۈپتۇ. ئۇ، مەهكىمىدە خىزمەت قىلىۋاتقان سەلەي چاققاننى چاقىرىپ:
— قوينىڭ دۈمبە يېغىدىن ئېتىلگەن



ئاش ـ مانتۇ تەييارلىتىپ ئەكىر، — دەپ بۇيرۇق قىپتۇ.
خېلى ۋاقىتتىن كېيىن سەلەي چاققان بىر ھېجىر ئۇماچنى هاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. بۇنى كۆرۈپ ئەرۋايى ئۇچقان هاكىم:
— ئاش ـ مانتۇ بۇيرۇسام، نېمە ئۈچۈن ئۇماچ ئەكىردىڭ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.
سەلەي چاققان:
— تەقسىر، ئۆتكەندە سىلىنىڭ «ئەهلى ـ جامائەت بىلەن جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىمەن، رىيازەتنى تەڭ چېكىمەن» دېگەنلىرىنى ئاشپەز ئۇستام ئاڭلاپ قاپتىكەن، شۇڭا مۇشۇ تاماقنى ئېتىپ بەردى، — دەپتۇ مەسخىرە ئارىلاش كۈلۈپ تۇرۇپ.

كۆنۈكمە:

1. سەلەي چاققان قاچان، قەيەردە تۇغۇلۇپ، قايسى ۋاقىتتا ۋاپات بولغان؟
2. ئۇ لەتىپىلىرىدە قانداق ئىدىيىلەرنى مەسخىرە قىلغان ۋە كىشىلەرنى نېمىگە دالالەت قىلغان؟
3. «ئەدل» دېگەن لەتىپىدە سەلەي چاققان كىچىك

ئىشنى يوغىنىتىپ، خەلققە زىيان سالغان گەيجاڭنى قانداق بابلىدى؟ لەتىپىنىڭ ئاخىرىدىكى «يا ھەزرەت» دېگەن سۆز ئۇنىڭ قانداق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ؟

4. سەلەي چاققان جازانىخورلارنى قانداق تەرىپلەپ بەردى؟ بۇ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

5. سەلەي چاققان سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى بىردەك بولمىغان ھاكىمنى قانداق جايلىدى؟ بۇ لەتىپىنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ئەھمىيىتىنى ئۆز چۈشەنچەڭلار بويىچە سۆزلەپ بېرىڭلار.



# كۈندىلىك خاتىرىنى قانداق يېزىش كېرەك

كۈندىلىك خاتىرە — بىزنىڭ ھەر كۈنلۈك تۇرمۇشىمىز ھەققىدىكى خاتىرىدۇر. ئەھمىيىتى بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىلا كۈندىلىك خاتىرە ئۈچۈن ئوبدان ماتېرىيال بولالايدۇ. مەسىلەن، بىر كۈن ئىچىدە قىلغان ئىشلار، كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلار، ئوقۇغان كىتابلار، مەكتەپتە ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر، ئۆيدە قىلىنغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىشقا بولىدۇ.

كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، ئاۋۋال خاتىرىلەشكە تېگىشلىك ئىشلارنى تاللاش كېرەك. يېزىشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا ئېتىبار قىلماي، ئۇنىڭ مەزمۇنلۇق بولۇشىغا قارىش كېرەك. ئاڭلىغان، كۆرگەن ۋە بىلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى يېزىۋەرمەستىن، بىرەر ئىشنى ياكى ئۇنىڭـ

دىن ئالغان تەسىراتلارنى يازسىمۇ بولىدۇ. شۇنىڭدەك ھەر دائىم بىر قېلىپتا يېزىۋەرمەسلىك كېرەك. بولمىسا خاتىرە دەپتەر ھېسابات دەپتىرىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

كۈندىلىك خاتىرە يازغاندا، يىل، ئاي، كۈن، ھەپتىنىڭ قانچىنچى كۈنى ئىكەنلىكىنى ۋە ھاۋانىڭ قانداقلىقىنى يېزىش، شۇنداقلا سۆز - جۈملىلەرنى راۋان، خەتنى توغرا ۋە ئېنىق يېزىش كېرەك.

كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنىڭ بىرمۇنچە پايدىسى بار.

1. كۈندىلىك خاتىرە يېزىش كۆزىتىش، تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىمىزنى يېتىلدۈرۈپ، يېزىقچىلىق قابىلىيىتىمىزنى چېنىقتۇرۇشىمىزدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينايدۇ.

2. توغرا قىلغان ياكى ناتوغرا قىلغان ئىشلارنى خالىغان چاغدا تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا بولىدۇ. مۇنداق قىلىش كىشىنىڭ ئالغا بېسىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

3. مۇھىم ئىشلارنى كۈندىلىك خاتىرىگە يېزىپ قويۇش شۇ ئىشنى ئەستە قالدۇرۇپ ئۇنتۇلماسلىققا ياردەم بېرىدۇ. ئەگەر بىرەر



ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا، كۈندىلىك خاتىرىنى ۋاراقلاپ، تېپىپ چىقىشقا بولىدۇ.

تۆۋەندە كۈندىلىك خاتىرىگە بىر ئۈلگە كۆرسىتىمىز:

### دالىدا ئوت ئۆچۈرۈش خاتىرىسى

89 - يىل 4 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، چارشەنبە، ھاۋا ئوچۇق.

مەن ساۋاقدىشىم پەرھات بىلەن بىللە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتىم. ئورمانلىقنىڭ يېنىغا كېلىشىمىزگە، ئانچە يىراق بولمىغان يەردە يېنىۋاتقان ئوت يالقۇنىنى كۆردۇق، ئوت بارغانسېرى ئۇلغىيىپ، ئورمانلىققا تۇتىشىشقا ئازلا قالغانىدى. بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ئىككىمىز ناھايىتى ئالدىراپ قالدۇق. ئەگەر ئورمانلىققا ئوت تۇتىشىپ كەتسە ئىنتايىن چوڭ زىيان بولىدۇ - دە!

بىز دەرھال قويۇق يوپۇرماقلىق شاخلارنى سۇندۇرۇۋېلىپ، كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئالدىغا باردۇق - دە، ئىككىمىز ئىككى تەرەپتىن بىر - بىرىمىزگە قاراپ، ئوتنى

ئورۇپ ئۆچۈرۈشكە كىرىشتۇق. ئوت كۆيۈ-
ۋاتقان دائىرە بارا - بارا كىچىكلەشكە
باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئىككىمىز بىر -
بىرىمىزگە يېقىنلاشتۇق ۋە ئەڭ ئاخىرقى
كىچىك ئۇچقۇنلارنىمۇ ئۆچۈرۈۋالدۇق.

ھەر ئىككىمىزنىڭ يۈزىنى كۆل ۋە قورۇم باسقان بولۇپ، تەر تامچىلىرى ئۈزۈلۈكسىز ئېقىپ تۇراتتى. يۈز - كۆزلىرىمىزنى سۈرتۈشكە باشلىدۇق، لېكىن سۈرتكەنسېرى پاسكىنىلىشاتتى. مەن پەرھاتقا قاراپ كۈلەتتىم، پەرھات بولسا ماڭا قاراپ كۈلەتتى. كۆزلىرىمىزگە كىرگەن ئىس ۋە كۈلنىڭ تەسىرىدىن چىقىۋاتقان ياش تامچىلىرى بىزنى تېخىمۇ كۈلكىلىك بىر ھالغا كەلتۈرگەنىدى.

كۈلكىدىن ئۆزىمىزنى تۇختىتىپ، ئويان - بۇيانلىرىمىزغا قارىساق، پەرھاتنىڭ ئوڭ بىلىكى تىلىنىپ كېتىپتۇ، مېنىڭ بىر پۇتۇممۇ يارىلىنىپتۇ. لېكىن ھەر ئىككىمىز ھېچقانداق ئاغرىق ھېس قىلمايتتۇق، ئەكسىچە خۇشاللىق ھېس قىلاتتۇق.



كۆنۈكمە:

1. كۈندىلىك خاتىرە دېگەن نېمە؟ ئۇ قانداق يېزىلىدۇ؟
2. كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنىڭ قانداق ئەھمىيىتى بار؟
3. بېرىلگەن ئۈلگىدىن پايدىلىنىپ، مەكتەپ ياكى ئائىلە تۇرمۇشىدىكى بىرەر ئەھمىيەتلىك ئىشلاردىن كۈندىلىك خاتىرە يېزىڭلار.

## VII ئاساسىي مەشق

1. نەسىردىن ئەپەندى، سەلەي چاققانلارنىڭ لەتىپىلىرىدىن باشقا، يەنە كىملەرنىڭ لەتىپىلىرىنى ياكى چاقچاقلىرىنى بىلىسىلەر. ھەربىرىڭلار ئىككىدىن لەتىپە تېپىپ، دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
2. تۆۋەندە قىزىقچى ھېسامىدىننىڭ «ئىككى ئادەت» دېگەن چاقچىقى بېرىلدى. ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا قانداق كىشىلەرنىڭ قانداق قىلىقى سۆكۈلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.

### ئىككى ئادەت

ھېسامىدىن ئىدارە ئالدىدا بىر تونۇش كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغىچە

يىغىن تۈگەپ باشلىقلار چىقىپ قالدى. ھېسامىدىننىڭ سۆھبەتدىشى ھەربىر باشلىق ئۆتكەندە بىر قېتىم غەلىتە ھەجىيىپ ئېگىلىۋەردى، بۇنىڭدىن غەجىقى كەلگەن ھېسام سورىدى:
— بۇ نېمە قىلىق بۇرادەر؟
— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى سۆھبەتدىشى غەم تارتماي، — مېنىڭ رەھبەرلەرنى كۆرگەندە شۇنداق ئېھتىرام بىلدۈرىدىغان ئادىتىم بار.
ھېسامىدىن ئۈنچىقمىدى. ئەمما سۆھبەتدىشى ھەربىر قېتىم ھەجىيىپ ئېگىلگەندە، بىر قېتىمدىن يەرگە تۈكۈرۈۋەردى.
— نېمانداق قىلىسەن بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى سۆھبەتدىشى خاپا بولۇپ.
— نېمە بوپتۇ؟ — دېدى ھېسامىدىن غەم تارتماي، — مېنىڭ پەسكەش ئادەتنى كۆرگەندە شۇنداق يىرگىنىدىغان ئادىتىم بار.

3. سىنىپ بويىچە لەتىپە سۆزلەش يىغىنى ئېچىپ، ئۆزۈڭلار ئاڭلىغان، ئوقۇغان لەتىپە ياكى يۇمۇرلارنى ئېيتىڭلار.
4. تۆۋەندىكى «خۇشامەتچى» دېگەن مەسەلنى ئاۋۋال



ئىچىڭلاردا قايتا ئوقۇپ مەزمۇنىنى ئىگىلىۋېلىڭلار، ئاندىن توشقاننىڭ قىلىقلىرىغا باھا بېرىڭلار. ئاخىرىدا مەسەلنى روللارغا بۆلۈنۈپ ئۈنلۈك ئوقۇڭلار. ئاپتور سۆزىنى ئوقۇغاندا ھېسسىياتنى ئىپادىلەشكە، سىزىقچە (-) نىڭ قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىگە دىققەت قىلىڭلار.

## خۇشامەتچى

يولۋاس توشقانغا:
— توشقان، مەن ئۇخلىۋالاي، بىر سائەتتىن كېيىن ئويغىتىۋەت، — دەپتۇ.
— ماقۇل، — دەپتۇ توشقان.
يولۋاس يېتىپ كۆزى ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. بىردەمدىن كېيىن توشقان كېلىپ: — يولۋاس، بېشىڭىز پاكار بولۇپ قاپتۇ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇرسىڭىز ياستۇق قويۇپ بېرەي، — دەپتۇ.
يولۋاس ئۇيقۇلۇقتا:
— كېرىكى يوق، بىر سائەتتىن كېيىن ئويغىتىشنى ئۇنتۇپ قالما، — دەپتۇ.
بىرئاز ۋاقىت ئۆتە - ئۆتمەيلا، توشقان يۈگۈرۈپ كېلىپ:
— يولۋاس، مەن تاماق ئەكىلىۋىدىم،

ئىسسىقىدا يەۋالسىڭىزچۇ، — دەپتۇ.
يولۋاس:
— لازىم ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. توشقان قايتىپ كېتىپتۇ. بىرئازدىن كېيىنلا توشقان يەنە يۈگۈرۈپ كەپتۇ ۋە:
— يولۋاس، سۇ ئەكەلدىم، ئۇسساپ قالغانسىز، بىرئاز ئىچىۋېلىڭا، — دەپتۇ.
يولۋاسنىڭ ئۇيقۇسى بۇزۇلۇۋېرىپتۇ. ئاخىرى ئۇنىڭ قاتتىق ئاچچىقى كېلىپ، توشقانغا قاراپ جىنىنىڭ بارىچە:
— يوقال كۆزۈمدىن، خۇشامەتچى، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

5. تۆۋەندىكى كۈندىلىك خاتىرىنى ئەستايىدىل ئوقۇڭلار، ئۇنىڭ قانداق تەرتىپتە يېزىلغانلىقىغا دىققەت قىلىڭلار. بۇ خاتىرىنىڭ يېزىلىش تەرتىپىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزۈڭلار كۆرگەن بىرەر ئويۇن (دراما، ناخشا - ئۇسسۇل، سېرك، كىنو) ھەققىدە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ كېلىڭلار.

1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى.
يەكشەنبە. ھاۋا ئوچۇق.

بۈگۈن دەم ئېلىش كۈنى. ئاپامغا ياردەملىشىپ ئۆي ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، تېلېۋىزوردىن سېرك ئويۇنىنى كۆردۈم.



تېلېۋىزوردا ئېيىقنىڭ سىمدا مېڭىشى، مايمۇننىڭ ئەپكەش بىلەن سۇ توشۇشى، كۈچۈكنىڭ ھارۋا ئىتتىرىشى ۋە بىر توپ مايمۇننىڭ ۋاسكېتبول ئويۇنىشى قاتارلىقلارنى كۆرسەتتى. مەن مايمۇنلارنىڭ ۋاسكېتبول ئويۇنىشىنى بەكمۇ قىزىقىپ كۆردۈم. بىر توپ مايمۇن دۈمبىسىگە نومۇر بېسىلغان كىچىك باللارنىڭكىدەك ئاسما مايكا ۋە كىچىككىنە كۇسارنى كىيىپ، خۇددى ۋاسكېتبولچىلاردەك تەخ بولۇپ تۇرۇشتى. تەربىيىچىسى ئۇلارغا كىچىك بىر توپنى تاشلاپ بېرىۋىدى، مايمۇنلار ئۇنى تالىشىشقا باشلىدى. تالىشا - تالىشا ئاخىرى 9 - نومۇرلۇق مايمۇن توپنى ئېلىۋالدى - دە، بىرلا سەكرەپ گارغا چۈشۈردى. توپ گاردىن چۈشۈشىگە يەنە بىر مايمۇن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، چاققانلىق بىلەن يەنە گارغا چۈشۈردى. ئۇلار نېمىدېگەن چەنلەپ ئاتالايدۇ - ھە. ئۇلارنىڭ تېخنىكىسى ۋاسكېتبولچىلارنىڭكىدىنمۇ يۇقىرىمىكىنە، تازا سەپسېلىپ قارىسام، ئۇلار سەكرەپ چىقىپ توپنى ئىككى قوللاپ گارغا سېلىپلا قويۇشىدىكەن ئەمەسمۇ. ۋاي

تازىمۇ چىدىماسلار ئىكەنغۇ.

كۈچۈك قورچاق سىڭلىسىنىڭ ھارۋىسىنى خۇددى ئانىسى بالىسىنى ھارۋىغا سېلىپ سەيلىگە ئېلىپ چىققاندەك ئىتتىرىپ سەھنىنى بىر ئايلاندى. ۋاي تېخى، كۈچۈك ئانا بولۇپ قاپتۇ - دە.

ئاخىرىدا ئاچكۆز قارا ئېيىق سەھنىدە ماڭدى. ئۇ بەك ئاچكۆز ئىكەن. بىر قېتىم مېڭىپلا يەيدىغان نەرسە تەلەپ قىلىدىكەن. بەرمىسە ماڭغىلى ئۇنىمايدىكەن.

بۇ ھايۋانلارنى تەربىيىلىگەن ئاشۇ ئاكا - ئاچىلارنىڭ ئەجەبمۇ پەمى بار ئىكەن.



## 25. ياز خاتىرىلىرى

ھەممە پەسىللەرگە ئوخشاش ياز پەسلىمۇ ناھايىتى يېقىملىق بولىدۇ. ياز ۋاقىتلىرىدا ھاۋا ئوچۇق، كۈن ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، قۇياش ھەممە ياققا ئۆتكۈر نۇرىنى چېچىپ تۇرىدۇ.

ياز ئايلىرىدا ئېتىز ۋە باغلارنىڭ مەنزىرىسى ئاجايىپ چىرايلىق بولىدۇ، تۈرلۈك قۇشلار سايراپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى ئېتىز، باغلاردا ئىشلەۋاتقانلارنىڭ خۇش ناخشا سادالىرىغا قوشۇلۇپ، كىشىنى تولىمۇ مەپتۇن قىلىدۇ.

باغلاردا ئالما، ئۆرۈك، ئۈزۈم، شاپتۇل، نەشپۈت ۋە باشقا ھەر تۈرلۈك مېۋىلەر پىشىدۇ. ئېرىق - ئۆستەڭلەردە كۈمۈشتەك سۇلار شوخلىنىپ ئاقىدۇ.

ئېتىزلارنىڭ يازدىكى كۆرۈنۈشىنى ئېيتمامسىز تېخى؟ كەڭ پايانسىز يېزىلار

ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىپ، بولۇق ئۆسكەن بۇغدايلار باشلىرىنى كۆتۈرەلمەي يېنىك شامالدا دولقۇنلىنىپ تۇرىدۇ. ئاپئاق گۈللىگەن كېۋەزلىكتە كۆپكۆك غوزىلار ياشىرىپ تۇرىدۇ. كېۋەز چېچىكى قىزغىن بولىدۇ. چەكسىز كەتكەن كۆكتات ئېتىزلىقلىرىدا قىزغىن ئەمگەك قايناپدۇ، ئەمگەكنىڭ خۇشال ۋاڭ-چۇڭى ئېتىز بويلاپ ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ.

قىرلاردىكى سانسىز قوي-قوزىلارنىڭ مەرەپ، قېيغىتىپ ئويناشلىرى كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. ئېتىز ۋە كۆكتاتلىقلاردىكى يىغىم-تېرىم ئىشلىرى كىشىنىڭ ئەمگەككە بولغان ھەۋىسىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. پۈتۈن يەر ئاۋات ھەم گۈزەل، ھەممە ئىش بىلەن بەند.

كۆنۈكمە:

1. تېكىستنى ئۈنلۈك، ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.
2. ياز پەسلىنىڭ ھاۋا رايى قانداق بولىدۇ؟
3. ياز پەسلىدە باغلارنىڭ ۋە ئېتىزلارنىڭ مەنزىرىسى قانداق بولىدۇ؟ ئېتىز-باغلاردا نېمە ئىشلار قىلىنىدۇ ۋە قانداق مەھسۇلاتلار ئېلىنىدۇ؟



4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن جۈملە تۈزۈڭلار.

مەپتۇن، پايانسىز، بولۇق، بەند، ئاۋات، ھەۋەس

5. تېكىستتە ياز پەسلىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىدىن قايسىلار سۆزلەنگەن؟ ئاۋۋال سۆزلەڭلار. ئۇنىڭدىن كېيىن سۆزلىگەنلىرىڭلار ئاساسىدا قىسقىچە يېزىڭلار.
6. تېكىستنى قايتا-قايتا ئوقۇپ، جۈپ سۆزلەر بار جۈملىلەرنى تېپىپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
7. دەرسلىكنىڭ باش تەرىپىدىكى رەڭلىك قىستۇرما رەسىمنىڭ ئىككىنچىسىنى تەپسىلىي كۆزىتىڭلار ۋە سوئاللارغا جاۋاب بېرىڭلار:
   1) بۇ قايسى چاغ؟ قانداق بىلدىڭىز؟
   2) ئوقۇغۇچىلار نېمە قىلىۋاتىدۇ؟

## 26△. ياز

ئەجەب گۈزەل ياز ۋاقتى،
مېۋە - چېۋە پىشىدۇ.
ئۆرۈك، ئالما مەي بولۇپ،
يەرگە توك - توك چۈشىدۇ.

ئېرىقلاردا سۈزۈك سۇ
ئويناقلىشىپ ئاقىدۇ.
بۇلبۇل، كاككۇك ناخشىسى
كۆڭۈللەرگە ياقىدۇ.

گۈل - غۇنچىغا تولىدۇ،
باغ ۋە هويلا - ئاراملار.
سايە تاشلاپ سەگىتەر،
دەل - دەرەخلەر، باراڭلار.

پىشار ئارقا - ئارقىدىن،
چىلگە، قوغۇن، تاۋۇزلار.
ئوخشاپ كېتەر پەمىدۇر،
چەيزە، جاڭدۇ، لازىلار.



هاۋالىنىپ، شادلىنىپ،
باغدا، تاغدا يايرايمىز.
سەيلە قىلىپ دەريانى،
چۆمۈلۈشۈپ ئوينايمىز.

يۈرەكلەرگە يېڭى زوق
بېغىشلايدۇ گۈزەل ياز.
تەتىلىمىز ئۆتىدۇ،
ياز قوينىدا شۇنداق ساز.

كۆنۈكمە:

1. شېئىرنى ئۈنلۈك ۋە ھېسسىياتلىق ئوقۇڭلار.
2. شېئىردا ياز مەنزىرىسى قانداق تەسۋىرلەنگەن؟ شېئىر مىسرالىرىدىن مىسال كەلتۈرۈپ سۆزلەپ بېرىڭلار.
3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە ئاستى سىزىلغان سۆزلەردىن پايدىلىنىپ جۈملە تۈزۈڭلار.

مەي بولۇش، ئويناقلاش، سەگىدەش، هاۋالىنىش، يايراش، شادلىنىش، سەيلە قىلىش

4. تۆۋەندىكى سۆزلەر ئىچىدىكى مېۋە - چېۋىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپا، قۇشلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى بىر گۇرۇپپا، كۆكتاتلارنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەرنى يەنە بىر گۇرۇپپا قىلىپ ئايرىپ يېزىڭلار. ئۆز يېرىڭلاردىن يەنە قانداق مېۋىلەر، كۆكتاتلار

چىقسا ۋە قۇشلار بار بولسا، ئاخىرىغا ئۇلاپ يېزىڭلار.

ئۆرۈك، بۇلبۇل، ئالما، كاككۇك، چەيزە، چىلگە، جاگدۇ، قوغۇن، لازا، تاۋۇز

5. تۆۋەندىكى ياز تەسۋىرلەنگەن بىر كۇپلېت شېئىرنى تەكرار ئوقۇپ، مەزمۇنىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

كۈلدى تەبىئەت،
كەلدى مانا ياز.
كۆللەردە ئوينار،
ئۆردەك بىلەن غاز.



## 27. تەتىل پىلانى

باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيدىغان ئۈچ بالام بۈگۈن ئادەتتىكىدىن بالدۇرراق قايتىپ كەلدى. مەكتەپ ئۇلارنى يازلىق تەتىلگە قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن ئوخشىمايدىغان ئىككى خىل ئالامەت ئەكس ئېتەتتى: شەپقەت بىلەن ئىززەت خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇلارنىڭ بىرى 5 - سىنىپقا، يەنە بىرى 4 - سىنىپقا كۆچۈپتۇ ۋە «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالىنىپتۇ، قوللىرىدا خاتىرە، قەلەم ۋە تەقدىرنامىلەر تۇراتتى. ئۈچىنچى بالام غەيرەت مېنىڭدىن خىجىل بولسا كېرەك، يەردىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى.

— غەيرەتجان، نېمە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— غەيرەتجان ئائىلىمىزدىكىلەر ئىچىدە بىر سىنىپتا ئىككى يىل ئوقۇشتەك يېڭى رېكورت يارىتىدىغان بولدى، — دېدى

ئىززەت ئۇكىسىغا تەنە قىلىپ.

غەيرەت ئاچچىقىغا بىر ھومىيىپ، يەنە يەرگە قارىۋالدى. مەن ئارتۇق گەپ قىلماي، ئۇلارنىڭ كۆرسەتكۈچلىرىنى يىغىۋېلىپ نومۇر ۋە بېرىلگەن باھالارنى تەپسىلىي كۆرۈشكە باشلىدىم، ئۇلار ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

غەيرەتنىڭ كۆرسەتكۈچىگە ئۇنىڭ ئۆگىنىشكە تىرىشمايدىغانلىقى، ئىنتىزامى ناچار ئىكەنلىكى ھەمدە سوقۇشقاقلىقى يېزىلغانىدى. بۇ قۇرلارنى كۆزدىن كۆچۈرۈۋېتىپ خىيالغا كەتتىم: «غەيرەتجاننىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىدا مېنىڭمۇ جاۋابكارلىقىم بار، مەن ئۇنىڭ ياخشى بولمىغان تەرەپلىرىنى سېزىپ تۇرساممۇ، ئۇنىڭغا ئامراقلىقىمدىن يول قويدۇم. ئەمدى بۇنى چىڭ تۇتمىسام بولمايدىغانلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى...»

خىيالىمنى ھويلىدىكى بارالڭ ئاستىغا قويۇلغان تاماق جوزىسىنى چۆرىدىشىپ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ پارىڭى بۆلدى.

— ئاچا، — دەيتتى كىچىك قىزىم



زىننەت چاقىلداپ، — ئەمدى ماڭا خەت ئۆگىتىپ قويسەن - ھە؟

— ئۆگىتىمەن تاتلىق ئۇكام.

— ھىم، سەن خەت ئۆگىنىمەن دېگۈچە لاتا قورچىقىڭنى ئوينىغىنا! — غەيرەتنىڭ قوپال ئاۋازى ئاڭلاندى.

— زىننەتكە ئوخشاش غەيرىتىڭ بولغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى دېدى، — شەپقەت ئۇكىسىغا نەسىھەت ئاھاڭىدا، — ھېلىھەم بولسا تەتىلدە دەرسلىرىڭنى ياخشى تەكرارلاپ قايتا ئىمتىھان بېرىشكە تەييارلانغىن.

— سىنىپتىن كۆچەلمىسەم نېمە بوپتۇ؟ — غەيرەتنىڭ ئاكىسىغا گەدەنكەشلىك قىلىدىغان كېسىلى يەنە تۇتتى، — قانغۇچە ئۇخلايمەن، ئويۇن دېگەننى راسا ئوينايمەن. مۇئەللىممۇ تەتىلدە ياخشى دەم ئېلىڭلار دېگەنغۇ.

ئىززەتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— سەن مۇئەللىمنىڭ دەم ئېلىڭلار دېگەن سۆزىنىلا ئاڭلاپ، دەرس تەكرارلاش ۋە تاپشۇرۇق ئىشلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، يېڭى ئوقۇش يىلىغا تەييارلىنىڭلار دېگەن

سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟ كۆچەلمىسەم نېمە بوپتۇ دەۋاتقىنىنى تېخى، ئاكام بىلەن ئىككىلەن نومۇستىن ئۆلەي دېدۇق.

غەيرەت گەپ تاپالمىدىمۇ ياكى قايىل بولدىمۇ بىلمىدىم، جىم بولۇپ قالدى. مېنى ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قىزىقتۇردى. مەن ئۇلار-نىڭ يېنىغا چىقتىم. غەيرەت مېنى قاتتىق گەپ قىلارمىكىن، دەپ ھودۇقۇپ تۇراتتى.

— بالام غەيرەت، — دېدىم مەن ئۇنى يېنىمغا تارتىپ، — ئاكاڭ ۋە ئاچاڭنىڭ دېگەنلىرى توغرا. سىنىپتىن كۆچەلمىگىنىڭ بەك يامان بوپتۇ. بۇنى سەل چاغلىغىلى بولمايدۇ. تەتىلدە راسا ئوينايمەن دەيسەن تېخى، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ ئۆگەنمىسەڭ، ئاساسىڭنى چىڭىتمىساڭ، كەلگۈسىدە ئۇچقۇچى بولىمەن دېگىنىڭمۇ خام خىيال بولۇپ قالىدۇ.

غەيرەتنىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتتى ۋە ئويلىنىپ قالدى. مەن ئۇلارغا: «تەتىلنى بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەڭلار، ۋاقىت غەنىيمەت، ئەڭ ياخشىسى تەتىل پىلانىڭلارنى تۈزۈپ چىقىڭلار» دېدىم.



بالىلار خۇشال بولۇشۇپ دەرھال ئىشقا كىرىشتى. غەيرەتمۇ جوزا يېنىغا ئاستا سۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ پىلان تۈزۈش ئىشى تالاش - تارتىش ئىچىدە يېرىم سائەتتەك داۋاملاشتى. ئاخىرى شەپقەت بىلەن ئىززەت بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا سۇندى.

ئۇلارنىڭ تەتىل پىلانى خېلى ئەتراپ-لىق تۈزۈلگەن بولۇپ، پىلانغا غەيرەتنىڭ دەرس تەكرارلىشىغا ياردەم بېرىش، زىننەتكە ھەرپ ۋە ساناق ئۆگىتىش، مۇۋاپىق تۈردە كىتاب - گېزىت ئوقۇش، جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىش كىرگۈزۈلۈپتۇ. تۆتى بىر ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى بولۇپ، شەپقەت بۇ گۇرۇپپىنىڭ باشلىقى بوپتۇ. ئاخىرىدا ھەر ھەپتىدە گۇرۇپپا يىغىنى ئېچىپ، ئۆگىنىش ئەھۋالىنى خۇلاسىلەش يېزىلغانىدى. بۇ پى-لانىنىڭ خۇددى مەكتەپنىڭ مەشغۇلات تۈزۈ-مىدەك ئەستايىدىللىق بىلەن تۈزۈلگەنلىكىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولدۇم ۋە «پات - پات تېپىشماق تېپىش مۇسابىقىسى ۋە زېھىن سىناش پائالىيىتىنى ئېلىپ بېرىش» دېگەن ماددىنى قوشۇپ قويۇش تەكلىپىنى بەردىم.



بالىلار پىلان بويىچە ئىش قىلىۋاتقىلى بىر ھەپتىچە بولدى. ھويلىدىكى باغچا رېشاتكىسىغا ئورنىتىلغان دوسكىغا ھەر كۈنى يېڭى خەتلەر يېزىلىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مەشق ۋاقتىدىكى زىل ئاۋازلىرى ئائىلە تۇرمۇشىغا يېڭىچە تۈس بەردى. بالىلارنىڭ كوللېكتىپ پائالىيىتى قوشنا ئائىلىلەردىكى بالىلارنىمۇ جەلپ قىلدى. ئۆگىنىش گۇرۇپ-پىسىنىڭ ئادەم سانى كۆپىيىشكە، باغچىنىڭ چېتىدىكى بوشلۇقتا پەيدا بولغان ئوغۇت دۆۋىسى ئېگىزلەشكە باشلىدى. باغ رەتكە



چۈشتى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ھويلىمىزنىڭ ئالدىدىكى مەھەللە يولى ۋە قوشنىلارنىڭ ھويلا - ئارامىلىرىمۇ تازىلىنىپ چىرايلىق تۈسكە كىردى.

مانا بۈگۈن تۈنجى قېتىملىق گۇرۇپپا يىغىنى بولۇپ ئۆتتى. گۇرۇپپا پائالىيىتى تەرتىپلىك داۋاملاشقانلىقتىن، غەيرەتنىڭ كەمچىلىكلىرى ئاساسەن تۈگەپ، دەرسلەرنى تىرىشىپ تەكرارلايدىغان بولۇپ قاپتۇ. كىچىككىنە زىننەتمۇ لايدىن نېرى بولالمايدىغان قوللىرىدىن قەغەز - قەلەمنى چۈشۈرمەيدىغان بوپتۇ.

مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم ۋە بالىلارغا ئىلھام بېرىش ئۈچۈن «قىزىل بايراق شەرەپ تاختىسى» تەييارلىدىم. ھەر ھەپتىدە بىر قېتىم شەخسلەر بويىچە باھالاش ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، شەرتكە لايىق بولۇپ بايراققا ئېرىشكەنلەرگە مۇكاپات بېرىلىدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئۇلار بۇنى ئاڭلاپ تېخىمۇ روھلىنىپ كېتىشتى. غەيرەتنىڭ كۆزلىرىدە پەيدا بولغان قەيسەرلىك ئۇچقۇنىنى كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتىم.

**كۆنۈكمە:**

1. تېكستنى ھېسسىياتلىق ئوقۇشنى مەشىق قىلىڭلار.
2. ھېكايىنىڭ قاتناشچىلىرى كىملەر؟ ئۇلارنىڭ ھەر- قايسىسى ھەققىدە ھېكايىدە نېمىلەر سۆزلەنگەن؟
3. بالىلارنىڭ تەتىللىك پىلانىغا قانداق مەزمۇنلار كىرگۈزۈلگەن؟ ئۇلار پىلان بويىچە نېمە ئىشلارنى قىلدى؟
4. غەيرەتنىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىدا قانداق ئۆزگىرىش بولدى؟
5. تۆۋەندىكى شېئىرنى ئوقۇپ، تېكىست مەزمۇنىغا بىرلەشتۈرۈپ چۈشىنىۋېلىڭلار.

### تەتىل پىلانى

نەتىجىلىك ئۆتكەتتىم،
بىر مەۋسۇملۇك ئوقۇشنى.
ئۆيگە كېلىپ تۈزدىم،
يازلىق تەتىل پىلانىنى.

تەكرارلايمەن دەرسنى،
ۋاقىتلارنى چىڭ تۇتۇپ.
ئۆي ئىشىنى قىلىمەن،
ئوتۇن يېرىپ سۇ توشۇپ.



تاڭ سەھەردە ھەر كۈنى
قوي - قوزىلار باقىمەن.
ئىش - ئەمگەكتە چىنىقىپ،
ساغلام بەدەن بولىمەن.

ئورۇندايمەن پىلانىنى،
كېچىكتۈرمەي كەينىگە.
چوقۇم ئەمەل قىلىمەن،
ئۆزۈم قىلغان ۋەدىگە.

## VIII ئاساسىي مەشق

1. ئوقۇتقۇچىنىڭ بىۋاستە يېتەكچىلىكىدە تۆۋەندىكى پارچىنى مۇۋاپىق تىنىش بەلگىلىرىنى قويۇپ كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھەدەمنىڭ تېپىشماق كىتاب ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەدەمنى تېپىشماق ئېيتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدىم

ھەدەم مۇنداق دېدى دۇنيادا كۆرگىلى بولمايدىغان سېتىۋالغىلى بولمايدىغان تۇتقىلى بولمايدىغان قالدۇرۇشقا بولمايدىغان ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسە بار قېنى تېپىڭ-

لارچۇ ئۇ نېمە دېدى ئۇكام شامالدۇ دېدى سىڭلىم يامغۇردۇ دېدى ھەدەم بېشىنى چايقاپ قويدى مەن بىرئاز ئويلاپ ئۇ ۋاقىت بولۇشى مۇمكىن دېدىم ھەدەم بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ توغرا ۋاقىت ئەڭ قىممەتلىك بىز ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىقىمىز قەدىرلىشىمىز لازىم دېدى

2. تۆۋەندىكى تىزىس بويىچە «يازدا» دېگەن ماۋزۇدا قىسقىچە بايان ماقالىسى يېزىپ كېلىڭلار.

تىزىس

1) بالىلار ساياھەتكە چىقىشتى.
2) تۇيۇقسىز بوران چىقىپ، ھاۋا تۇتۇلۇپ كەتتى.
3) چاقماق چېقىپ، گۈلدۈرماما گۈلدۈرلىدى.
4) بالىلار كەپىگە كىرىپ، يامغۇردىن پاناھلاندى.
5) بۇلۇت تارقاپ، كۈن چىقتى.
6) تەبىئەتتە ئۆزگىرىش ۋە جانلىنىشلار يۈز بەردى.
7) بالىلار ساياھەتنى داۋاملاشتۇرۇپ، خۇشال - خۇرام ئوينىدى.

3. تۆۋەندىكى پارچىنى مەزمۇنغا ئاساسەن رەتلەپ يېزىڭلار.

مەن قەلەمنى ئوقۇتقۇچىمغا تاپشۇرۇپ بەردىم.



مەن مەكتەپكە كېتىۋېتىپ، يولدىن بىر قەلەم تېپىۋالدىم. مېنىڭ قەلبىم شادلىققا چۆمدى.

مەكتەپكە كېلىپ، ساۋاقداشلىرىمدىن قايسىڭلارنىڭ قەلىمى يۈتۈپ كەتتى، دەپ سورىدىم.

ئوقۇتقۇچىم سىنىپ يىغىنىدا مېنى تەقدىرلىدى ۋە مەيدەمگە قىپقىزىل گۈل تاقاپ قويدى.

ساۋاقداشلىرىمنىڭ ھەممىسى «مېنىڭ قەلىمىم يۈتمىدى» دېيىشتى.

4. «ئەتىگەنلىكى ئورنۇمدىن تۇرۇپ، سومكامنى ئېسىپ مەكتەپكە ماڭدىم» دەپ باشلاپ، «كۆڭلۈم شادلىققا تولغان ھالدا سىنىپقا كىردىم» دەپ ئاخىرلاشتۇرۇپ بىر ئابزاس سۆز سۆزلەڭلار. سۆزۈڭلار رەتلىك، چۈشىنىشلىك، مۇھىم نۇقتىلىرى گەۋدىلىك، ئىش - ھەرىكەت ئېنىق بولسۇن.

5. ھەربىرىڭلار بىردىن «يازلىق تەتىل پىلانى» تۈزۈپ، ئوقۇتقۇچىڭلارغا كۆرسىتىڭلار.

# يېڭى سۆزلەر

ئا

ئارزۇ — ئۈمىد، تىلەك، ئىستەك

ئارىيەت ئېلىش — ئۆتنە ئېلىش، قەرز ئېلىش

ئاق فوسفور — ھاۋاغا يولۇقسا ئۆزلۈكىدىن ئوت ئېلىپ يانىدىغان موم شەكلىدىكى بىرخىل قاتتىق ماددا.

ئالەم — دۇنيا

ئادالەت — ھەققانىيەت

ئە

ئەسۋاب — ئىش سايمانلىرى

ئەجىر قىلىش — كۈچ سەرپ قىلىش، ئەمگەك سىڭدۈرۈش

ئەل — ۋەتەن، يۇرت

ئەدىبىنى بېرىش — جاجىسىنى بېرىش،



دەككىسىنى بېرىش

ئەپچىل — چاققان

ئەگىز — باھار ۋاقتىدا دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭلەردىكى مۇز قاتقان سۇلارنىڭ ئاستا-ئاستا ئېرىپ ئېقىشى

ئەخلاق — كىشىلەرنىڭ خۇلق-مىجەزى، خىسلەت، پەزىلىتى، ئەدەب

ب

بۇرچ — مەجبۇرىيەت، ۋەزىپە

بىمالال — قورۇنماسلىق، ئازادىلىك

بىپايان — كەڭ، چەكسىز، كۆز يەتكۈسىز

بەند بولۇش — شۇغۇللىنىش، مەشغۇل بولۇش

بەخىرامان — بىپەرۋا، ئېتىبارسىز قاراش، غەم يېمەسلىك

بىھېساب — ھېسابسىز، سان-ساناقسىز

باھادىر — قەھرىمان، باتۇر

بومباردىمان — بومبا تاشلاش ئارقىلىق پارتلىتىش، ۋەيران قىلىش

باغۋەن — كۆچەت تىكىپ، باغ ياساپ، مېۋىلىك دەرەخلەرنى پەرۋىش قىلىپ، ھەر

خىل مېۋىلەرنى يېتىشتۈرگۈچى

بارىكاللا — ئاپىرىن ئوقۇش، قايىل بولۇش

بەزلەش — ئالداش، خاپا بولماسلىققا ئۈندەش

بىزەش — چىرايلىق قىلىپ ياساندۇرۇش

## پ

پەلەك — ئاسمان، ئەڭ يۇقىرى ئېگىزلىك

پاتىپاراق بولۇش — ئەنسىزچىلىكتە تەرەپ - تەرەپكە قالايمىقان يۈگۈرۈش

پەرۋاز قىلىش — ئۇچۇش

پەخىرلىنىش — ئىپتىخارلىنىش، شەرەپ ھېس قىلىش

پەخەس بولۇش — ئېھتىيات قىلىش، دىققەت قىلىش، ئاۋايلاش

پۇشايمان — قىلغان خاتا ئىشىغا ئەپسۇسلىنىش، تۆۋە قىلىش، ئۆكۈنۈش

پورەكلەش — گۈل غۇنچىلىرىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان، ئەمدىلا ئېچىلاي دەۋاتقان ھالىتى

پوست — نۆۋەتچىلىك، قاراۋۇلدا تۇرۇش



## ت

تېجەش — ئىقتىساد قىلىش

تەننەرخى — بىرەر نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىشقا كەتكەن راسخود، ياسىلىش، پۈتۈپ چىقىش باھاسى

تۈس — رەڭ

تىمەن — تېتىك، ساغلام

تەقەززا — بىتاقەت، تاقەتسىزلىك، سەۋرسىزلىك

توختام تۈزۈش — ئىككى تەرەپنىڭ بىرەر ئىشنى بېجىرىش ئۈستىدە كېلىشىپ بېكىتكەن يازما كېلىشىمى

تەخىر قىلىش — كۈتۈپ تۇرۇش، سەۋر قىلىش

تەقدىم قىلىش — چىن كۆڭلىدىن بېرىش، ھەدىيە قىلىش

تاقەت — چىداش، بەرداشلىق بېرىش

## ج

جىرغا — دوختۇرخانا ياكى ھەربىي قوشۇندا ئاغرىقلار ياكى يارىدارلارنى يۆت-

كەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان زەمبىلگە ئوخ-
شاش نەرسە. ئۇ، ياغاچ ياكى بامبۇكتىن
ياسىلىدۇ. ئادەم ياتىدىغان يېرىگە رەخت
ياكى شوينا يىپ تارتىلغان بولىدۇ.
جەڭگىۋار — كۈرەشچان، جەسۇر

چ

چىن — ھەقىقىي، راست
چەبدەس — چاققان، ئەپچىل
چاغ — ۋاقىت، مەزگىل
چاقناش — يالتىراش، ۋال - ۋۇل قى-
لىش، پارقىراش

خ

خىرىس قىلىش — ھەيۋە قىلىش،
قورقىتىش

د

داڭلىق — مەشھۇر، ئاتاقلىق، نامى ھەم-
مىگە تونۇش



دانىشمەن — ئەقىللىق، دانا ئادەم
دىدار — چىراي، ھۆسن - جامالى
دىيار — زېمىن، يەر
دالالەت — دەۋەت قىلىش، ئۈندەش
دېكابىر — ئاي نامى، 12 - ئاينىڭ
ئاتىلىشى
دالدىغا ئېلىش — پاناھقا ئېلىش، بىخەتەر
جايغا بېرىۋېلىش، كۆرۈنمەسلىك
دىل — كۆڭۈل، قەلب

ر

رېكورت — ئۆزۈپ چىقىش، ئۇتۇپ چى-
قىش، يېڭىلىق، مۆجىزە
رىيازەت چېكىش — جاپا چېكىش
رەھمى كېلىش — ئىچ ئاغرىتىش
راكېتا — زامانىۋى قورال، سۈنئىي ھەم-
راھنى ئايغا ياكى ئالەم بوشلۇقىغا ئېلىپ
چىقىشقا ئىشلىتىلىدۇ

ز

زوقلىنىش — ھەۋەس قىلىش،
ھۇزۇرلىنىش

زەپ — ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن، خويما
زىرەك — ھۇشيار، چىچەن، ئەقىللىق
زېھىن — چۈشىنىش قۇۋۋىتى

## س

سىگنال — ئاۋاز ئارقىلىق بېرىلگەن بۇيرۇق ياكى خەۋەر بەلگىسى

سۇلفات كىسلاتا — رەڭسىز، مايسىمان سۇيۇقلۇق. سۇدا كۈچلۈك ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. قەغەز، ياغاچ، ئادەم بەدىنى ۋە كىيىملەرگە تەگسە، دەرھال ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۇ، پارتلىغۇچ دورا، خىمىيىۋى ئوغۇت ۋە دورا ياساشتا مۇھىم ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

سېخىي — مەرد، قولى ئوچۇق
ساما — كۆك، ئاسمان
سۈزۈك — تىنىق، پاكىز

سىمولنىي ساردىيى — روسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابى قوماندانلىق شتابى تۇرۇشلۇق جاي. پېتربۇرگ شەھرىدە.

سەگىدەش — سالقىنلاش

سەرخىل — خىللانغان، كۆڭۈل قويۇپ تاللانغان



سىر — مەخپىيەتلىك، تېخى ئېچىلمىغان، بايقالمىغان نەرسە

سائەت مېخانىزمى ئورنىتىلغان مىنا — مىنالارنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭغا سائەت مېخانىزمى ئورنىتىلىدۇ. ئىشلىتىدىغان ۋاقىتتا، سائەت ستىرېلكىسى كېرەكلىك ۋاقىتقا توغرىلاپ قويۇلىدۇ. سائەت مېخانىزمى ئادەتتىكى سائەتتەك مېڭىۋېرىپ، توغرىلانغان ۋاقىتقا ئۇدۇل كەلگەندە، مىنا پارتلايدۇ.

## ش

شىپا — دەردكە دەرمان بولۇش
شەپە بېرىش — خەۋەر بېرىش
شېرىن — تاتلىق

## ق

قىيا - چىيا — قاتتىق ئاۋازدا داد - پەرياد كۆتۈرۈش، قالايمىقان ۋارقىراپ - جارقىراش

قېيىداش — خاپا بولۇش، باتناش
قەلب — كۆڭۈل، دىل، يۈرەك
قارار — قەتئىي ئىرادىگە كېلىش

قىساس ئېلىش — ئۆچ ئېلىش، ئىنتىقام ئېلىش

قىساسچى — ئۆچ ئالغۇچى، ئىنتىقام ئالغۇچى

قانات قېقىش — قۇشلارنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشى؛ ئىنسانلارنىڭ بىر - بىرىگە كۆيۈنۈشى، مېھرىبانلىقى

ك

كەشپىيات — ئىلمىي تەكشۈرۈش ۋە تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە يارىتىلغان نەرسە.

كەشپىياتچى — يېڭى نەرسىلەرنى ياكى يېڭىچە ئۇسۇل - چارىلەرنى ئىجاد قىلغۇچى، ئىجاد قىلغان نەرسىلىرى كۆپ كىشى.

كېلەچەك — كەلگۈسى، ئىستىقبال

كۆركەم — گۈزەل، چىرايلىق

كاھىش — ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسىگە ياتقۇزۇلىدىغان خۇمداندا پىشۇرۇلغان ساپال

كىمخاب — ھەرخىل رەڭلىك يىپەك يىپ بىلەن ھەر تۈرلۈك گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈلۈپ توقۇلغان يىپەك گەزلىمە.



گ

گۆدەك — سەبىي، كىچىك، ئەقلى توشمىغان بالا.

گەيجاڭ — كونا جەمئىيەتتىكى مەھەللە باشلىقى.

ل

لەرزان — ئاستا، مەيىن، بىر تەكشى

لەت قىلىش — يەرگە قارىتىش، يېڭىش، مەغلۇپ قىلىش، ئوڭايسىز ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇش

م

ماڭلاي — پېشانە

مەشئەل — ماياك، چىراغ (ئوتقاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)

مېھنەت — ئەمگەك

مۇلايىم — سىلىق، سىپايە، ياۋاش

مەپتۇن بولۇش — خۇشتار بولۇش

مادار — كۈچ - قۇۋۋەت
مەردانە — باتۇرلۇق، غەيرەتلىك
مىيىپ — ناكار، مەجرۇھ
مەقسەت — بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇ-
رۇشتا ئالدىن پىلانلانغان نىشان، كۆزلەن-
گەن ئىش.
مېھىر — مۇھەببەت
مەھلىيا — كۆڭۈلنى ئۆزىگە تارتىش،
جەلپ قىلىش، خۇش قىلىش

## ن

نەقىش چېكىش — گۈل چېكىش
نەزەر سېلىش — بېقىش، قاراش

## ئۇ

ئۇشتۇمتۇت — تۇساتتىن، تۇيۇقسىز،
كۈتۈلمىگەندە

## ئۆ

ئۆكتەبىر — ئاي نامى، 10 - ئاينىڭ
ئاتىلىشى



ئۆرلەش — يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش، ئالغا
بېسىش

## ئۈ

ئۈندەش — چاقىرىش، دەۋەت قىلىش
ئۈمىد — تىلەك - ئارزۇ، ئىستەك

## ۋ

ۋاگون — پويىزلارنىڭ ئادەم ئولتۇرى-
دىغان ياكى يۈك قاچىلايدىغان قىسمى، ئاي-
رىم - ئايرىم ئۆيىدەك بولىدۇ.

## ھ

ھىممەت — ياخشىلىق، ساخاۋەت
ھەيران بولۇش — تاڭ قېلىش،
ئەجەبلىنىش
ھەۋەس قىلىش — قىزىقىش
ھۆسن — چىراي - شەكلى، گۈزەل
كۆرۈنۈشى
ھىجىر — ساپال چىنە

ھەيۋە قىلىش — غەزەپ بىلەن كۆرەڭ-
لەش، قورقىتىش

ھۈرپىيىش — غەزەپلەنگەندە ئىپادىلىنى-
دىغان بىر تۈرلۈك يېقىمسىز، سۈرۈن ھالەت

ھېرىسمەن — ئامراق، خۇشتار، خۇمار

ھۇزۇرلىنىش — راھەتلىنىش، لەززەت
ئېلىش

ھومىيىش — قاپىقىنى تۈرۈپ نارازىلىق
بىلەن قاراش

ئې

ئېھتىرام — ھۆرمەت بىلدۈرۈش، سالام
بېرىش

ئېھتىياج — زۆرۈرىيەت، موھتاج،
كېرەكلىك

ئى

ئىجتىھات — پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بې-
رىلمەك، بىر ئىشقا قىزغىن بېرىلىپ، كەتمەك

ئىپتىخار — غۇرۇرلىنىش، ماختىنىش



ئىرادە باغلاش — بەل باغلاش، بىر قا-
رارغا كېلىش

ئىجاد قىلىش — يېڭى نەرسىلەرنى بار-
لىققا كەلتۈرۈش

ي

يۇمران — يۇمشاق، نازۇك

يېمىش — مېۋىلەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇ-
لۇپ ئاتىلىشى

تۈزگۈچى: سائادەت ئىمىن
مەسئۇل تەھرىرى: ئابلەت قاسىم
مەسئۇل كوررېكتورى: مەملەكەت خانبابا
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: سۇن خېڭجۇي

六年制小学课本
语　文
第六册
莎阿代提·伊敏　编
阿布来提·哈斯木　审
（维吾尔文）

•

شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

•

فورماتى: 787×1092، 1/32؛ باسما تاۋاق: 5.625
1988 - يىل 10 - ئاي 1 - نەشرى
1990 - يىل 10 - ئاي 3 - بېسىلىشى
تىراژى: 1 — 156,800
ISBN 7 - 5370 - 0792 - 6

---

باھاسى: 0.84 يۈەن G.243(维课)